ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزى



# شەرقىي تۈركىستان
# ۋە
# ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزى

# شەرقىي تۈركىستان
# ۋە
# ئۇيغۇرلار

2022- يىلى ئۆكتەبىر

## ھەققىمىزدە

ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزى ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندا قۇرۇلغان ئىلمىي تەتقىقات بىلەن پائالىيەتنى بىرلەشتۈرگەن بىر ئورگان بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا ئائىت تەتقىقات ۋە پائالىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا مەشغۇلات قىلىدۇ. مەركىزىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە سىياسىي ھاياتىغا ئائىت تۈرلۈك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، تارىخىي مىراسلارنى قېزىپ چىقىپ، ئىلمىي ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا راۋاجلاندۇرىدۇ. جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ۋە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئىلمىي پاكىتلار بىلەن دۇنياغا تونۇتۇش ۋە ئۇيغۇرلارنى يېڭى پىكىر-چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.

## ۋەزىپىمىز

بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە سىياسىي ھاياتىغا ئائىت تۈرلۈك تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىش، جۈملىدىن تارىخىي ئەسەرلەرنى قېزىپ چىقىپ، رەتلەپ  ھەر قايسى تىللاردا ئېلان قىلىش ۋە تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا ھەر تۈرلۈك ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش، مۇناسىۋەتلىك جەمئىيەتلەر، خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە ھۆكۈمەتلەرنى ئالاقىدار دوكلات، تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە سىياسەت تەكلىپلىرى بىلەن تەمىنلەش؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلمىي مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، يولۇققان مەسىلىلەرگە قارىتا تەكلىپ-پىكىر بېرىش ۋە ھەل قىلىش چارىلىرىنى سۇنۇش.

## نىشانىمىز

مەركىزىمىز ھەر تۈرلۈك ئىلمىي تەتقىقات ۋە پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى كۈچەيتىشنى؛ دۇنيا مىقياسىدا، خۇسۇسەن ئىسلام ئەللىرىدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ۋە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا سادىر قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىگە قارىتا توغرا تونۇش شەكىللەندۈرۈشنى؛ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش، ئۇمۇمىي بىرلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىدۇ.

## ئالاقىلىشىش:

contact@uyghurstudy.org

# كىرىش سۆز

شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خەۋەرلەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلقئارا تاراتقۇلارنىڭ كۆپ تەرتىپىدىن چۈشمەي كەلدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ بىردىنلا ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى دۇنيانىڭ دىققىتىنى بۇ رايونغا مەركەزلەشتۈردى. شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنىڭ دراماتىك ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە كۆرىشىمۇ زور دەرىجىدە خەلقئارالاشتى. نەتىجىدە، ئۇيغۇرلار خەلقئارا سورۇنلارنىڭ ئاساسلىق تېمىسىغا ئايلاندى.

ۋاھالەنكى، شەرقىي تۈركىستان قەيەر؟ ئۇيغۇرلار كىم؟ خىتاي رېجىمى نېمىشقا ئۇيغۇرلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ؟ ئۇيغۇرلار نېمىشقا خىتاي دۆلىتىگە قارشى كۆرەش قىلىدۇ؟ نۆۋەتتىكى ئەھۋال قانداق...؟ دېگەندەك سوئاللار تېخىچە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئايدىڭلاشقىنى يوق. بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتى، يەنە بىر تەرەپتىن غەرب، بولۇپمۇ ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى دۇنياۋى رىقابەت دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى، خۇسۇسەن غەربكە قارشى مۇسۇلمانلارنى قايمۇقتۇرماقتا. ئەڭ مۇھىمى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى «غەربنىڭ پىچكىسى» دەپ قارىلىشى بىلەن غەربكە قارشى دۇنيانىڭ، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدىن «غەربنىڭ تەشۋىقاتى» دەپ گۇمان قىلىشى كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنى خىتاي رېجىمىنىڭ ھەقىقىي يۈزىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قويماقتا ۋە شۇ تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى ئالدىدىكى ۋىجدانىي ۋە دىنىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىن توسماقتا.

شۇ سەۋەبتىن، خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە خىتاينىڭ ئىسلامغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ ماھىيىتىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەقىقىي ساھىبى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ نوقتىسىدىن يۇرۇتۇش ئىنتايىن مۇھىم. مانا بۇ مەقسەتتە ئۇشبۇ كىتابچىنى تەييارلىدۇق. بۇ كىتابچىدا يۇقۇرىقىدەك سۇئاللارغا ئۇيغۇرلار نوقتىسىدىن ئىنچام، ئەمما چۈشىنىشلىك جاۋاب بېرىلىدۇ. ئىشىنىمىزكى، بۇ كىتابچىنى ئوقۇغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە توغرا مەلۇماتقا ئېرىشىسىز.

# مۇندەرىجە


## 1. شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار

1.1: شەرقىي تۈركىستان قەيەر؟
1.2: ئۇيغۇرلار كىم؟
1.3 ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان ھاكىمىيەتلەر
1.4 مانچۇ ئىستىبلاسى
1.5: ياقۇب بەگ ۋە قەشقەرىيە دۆلىتى
1.6: ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيەت
1.7: ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قوشقان تۆھپىسى

## 2. كوممۇنىست خىتاي ئىستىبلاسى

2.1: شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىشغال قىلىنىشى
2.2: بايلىقلارنى تالان-تاراج قىلىش
2.3: كۆچمەن يۆتكەش
2.4: ئاتوم سىنىقى
2.5: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك كۆرىشى
2.6: «دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تېررورىزم» ئەپسانىسى

## 3. خىتاينىڭ ئىسلامغا قارشى ئۇرۇشى

3.1: دىنىي مەدرىسەلەرنى تاقاش
3.2: دىنىي ئۆلىمالارنى باستۇرۇش
3.3: قۇرئاننى كۆيدۈرۈش
3.4: مەسچىتلەرنى يېقىش
3.5: مازارلارنى ۋەيران قىلىش

3.6: زىكىر ـ تەسبىھلەرنى ئۆزگەرتىش
3.7: ھىجابنى چەكلەش
3.8: دىنىي يۇسۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش
3.9: ئىسلامنى «خىتايچىلاشتۇرۇش»
3.10: ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسلامىي كىملىكىنى يوقۇتۇش

**4. ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى**

4.1: ئۇيغۇر تىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش
4.2: تۇغۇت چەكلەش
4.3: يىغىۋېلىش لاگىرلىرى
4.4: پەرزەنتلەرنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىش
4.5: مەجبۇرىي ئەمگەك
4.6: ئورگان ئەتكەسچىلىكى
4.7: ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئېتىراپ قىلىنىش

**سىز نېمە قىلالايسىز؟**
**پايدىلانغان ماتېرىياللار**

# 1. شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار




بۈگۈن خىتاي تەرىپىدىن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى بولۇپ، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ھازىرغىچە بۇ تۇپراقتا بۈيۈك ئىمپېرىيەلەردىن تارتىپ زامانىۋى جۇمھۇرىيەتلەرگىچە نۇرغۇن دۆلەتلەرنى قۇرغان. شەرقىي تۈركىستان تۇنجى قېتىم 1759- يىلى مانجۇ ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ۋە 1884- يىلى تولۇق بېسىۋېلىنىپ، نامى «يېڭىدىن قوشۇۋېلىنغان زېمىن» ياكى «يېڭى چېگرا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بۈگۈنكى «شىنجاڭ»غا ئۆزگەرتىلگەن. شەرقىي تۈركىستان ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 1949- يىلى خىتاي قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان بولۇپ، نۆۋەتتە خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا تۇرماقتا. ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق خەلق بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن تارىخى ۋە شانلىق مەدەنىيىتى بىلەن دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بېيىشىغا زور ھەسسە قوشقان، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقتىكى قوغدىغۇچىلىرىغا ئايلانغان.

## 1.1: شەرقىي تۈركىستان قەيەر؟

شەرقىي تۈركىستان ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىگە، تۈركىستان جۇغراپىيىسىنىڭ يۈركىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئورنى خەرىتىدە شەرقىي مېرىدىئان 960 ـ 75، شىمالىي پاراللېل 500 ـ 35 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ يەر مەيدانى بىر مىليون 828 مىڭ 414 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.




شەرقىي تۈركىستان شەرق تەرەپتە خىتاينىڭ تاپىنى ئاستىدىكى كەڭسۇ (گەنسۇ)، كۆكنۇر، (چىڭخەي) قاتارلىق ئۆلكىلىرى بىلەن؛ شەرقىي شىمالدا موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن؛ شىمال تەرەپتە رۇسىيە ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن؛ كۈن پېتىشتا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن؛ غەربى جەنۇب تەرەپتە ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتى، پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ۋە ھىندىستان بىلەن؛ جەنۇب تەرەپتە خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى تىبەت بىلەن چېگرالىنىدۇ. چېگرا سىزىقىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 8142 كىلومېتىر كېلىدۇ.



شەرقىي تۈركىستاننى شىمال تەرەپتىن ئالتاي، زايسان، تارباغاتاي ۋە جۇڭغار تاغلىرى؛ كۈن پېتىش تەرەپتىن پامىر تاغلىرى؛ جەنۇب تەرەپتىن كۇئېنلۇن، قاراقۇرۇم تاغلىرى؛ غەربىي جەنۇب تەرەپتىن ئالتۇنتاغ ۋە قۇرۇم تاغ تىزمىلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. بۈيۈك تەڭرىتاغ تىزمىسى تەبىئىي بەلۋاغ بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتۈپ، ئىككىگە بۆلىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە تارىم ئويمانلىقى، شىمال تەرىپىدە بولسا يايىق (جۇڭغارىيە) ئويمانلىقى بىلەن ئىلى ۋادىسى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇ بىپايان ۋادىلارنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى بىر مىليون كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنىڭ قالغان قىسمىنى تاغلار ۋە ئېدىرلار تەشكىل قىلىدۇ.

### 1.2: ئۇيغۇرلار كىم؟



ئۇيغۇرلار تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئاساسىي تارمىقى بولۇپ، پۈتۈن تۈرك خەلقلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن تارىخى ۋە شانلىق مەدەنىيىتى بىلەن، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان قەدىمكى مەدەنىي مىللەت

ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ھۇنلار، تۈركلەر بىلەن قان قېرىنداش بولۇپ، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «ئۇيۇشماق، ئىتتىپاق بولماق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇيغۇر تىلى:** ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ ئۇيغۇر ـ قارلۇق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.



**ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى:** ئۇيغۇرلار مىلادىي 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، مۇقەددەس ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ۋە ئۇنى ھايات ئۆلچىمى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

## 1.3: ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان ھاكىمىيەتلەر

ئۇيغۇرلار تارىختا كۆپلىگەن ھاكىمىيەتلەرنى قۇرغان بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى بۈيۈك ئىمپېرىيەلەردىن تارتىپ يېقىنقى زاماندىكى جۇمھۇرىيەتلەرگىچە نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى



ئۇيغۇرلار ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە ئارال دېڭىزىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىدىن جەنۇبتا سەددىچىنگىچە بولغان بىپايان تېررىتورىيەدە ياشىغان بولۇپ تارىخ سەھنىسىدە پارلاق سەھىپىلەرنى قالدۇرغان. ئۇلار مىلادىيە 605 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇستەقىل سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، 744 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان.



ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئاسىيا قىتئەسىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئىمپېرىيەگە ئايلانغان بولۇپ، بۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستان ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتىنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى بولۇپ قالغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى

ئالاھازەل 100 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، 840- يىلى يىقىلغان. بۇ مەزگىلدە «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى ئىمپېرىيە تەركىبىدىكى قەبىلىلەرنىڭ سىياسىي ئىتتىپاقىنى ئىپادىلەيدىغان نام، يەنى، مىللەتنىڭ ئورتاق نامى بولغان.

### ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى



ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىقىلغاندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار 848- يىلى پانتېكىننىڭ باشچىلىقىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ، 866 - يىلى بەشبالىقنى پايتەخت، ئىدىقۇتنى قىشلىق پايتەخت قىلغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە توققۇز بۇلاقتىن غەربتە بۇگۇرگىچە، جەنۇبتا تەكلىماكاندىن شىمالدا ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان زېمىنلار بولۇپ، دۆلەت تۈزۈمى ۋە ئەنئەنىسى جەھەتتە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى 500 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن.

### قاراخانىيلار خانلىقى



قاراخانىيلار خانلىقى، ئۇيغۇرلار مىلادىيە 840 - يىلى ئاسىيانىڭ كىندىكى – تۈركىستاندا قەشقەر،بالاساغۇن ۋە سەمەرقەندنى مەركەز قىلىپ قۇرغان دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ. قاراخانىيلارنىڭ ئۈچىنچى خاقانى سۇتۇق



بۇغراخان دەۋرىدە، يەنى مىلادىيە 924 - يىلى قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى خەلقلەر ئىسلامغا كىرگەن. بۇ بۇرۇلۇش نۇقتىسى تۈركىستان تۇپراقلىرىنىڭ ئىسلاملىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. قاراخانىيلار خانلىقى بالاساغۇن ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. قاراخانىيلار خانلىقى ئىلگىرى

كېيىن بولۇپ تۆت ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن.

## سەئىدىيە خانلىقى




سەئىدىيە خانلىقى 1514 - يىلىدىن 1678 - يىلىغىچە، جەمئى 164 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، تۈركىستان تارىخى ۋە ئۇيغۇر سىياسىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان، شۇنداقلا تارىختا ئۇنتۇلماس شانلىق ئىزلارنى قالدۇردۇرغان. بۇ خانلىق تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى تارقاق بەگلىكلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. سەئىدىيە خانلىقى



ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارلىرىدىن يەرلىك ئەمەلدارلىرىغىچە، قوماندانلىرىدىن ئاددىي ئەسكەرلىرىگىچە ھەممىسى ئۇيغۇرلار ئىدى. دۆلەتنىڭ ئىدارە تەشكىلاتلىرى، قائىدە - يوسۇنلىرى، ھايات تەرزى ۋە دىنىي مۇراسىملىرى بىردەك ئۇيغۇر تارىخىي ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان.

## 1.4: مانجۇ ئىستېلاسى



سەئىدىيە خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا قايتىدىن كىچىك بەگلىكلەر مەيدانغا كەلگەن. بۇنى تارىخىي پۇرسەت بىلگەن خىتاي مانجۇ ئىمپېرىيەسى 1758- يىلى شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلغان. مانجۇ چېرىكلىرى 1759- يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى يەركەننى ئىشغال قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان تېررىتورىيەسىنى بېسىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان مانجۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. بۇ تارىختا بىرىنچى قېتىملىق مانجۇ ئىستېلاسى دەپ خاتىرىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشنى ھېچ توختاتمىغان. شەرقىي




تۈركىستان مانجۇلار تەرىپىدىن 1759 ـ يىلى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، بىر ئەسىرلىك كۈرەشنى باشتىن كەچۈرگەن ئۇيغۇرلار 1862 ـ يىلى مانجۇ ئەسكەرلىرىنى زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، قايتىدىن مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

## 1.5: ياقۇب بەگ ۋە قەشقەرىيە دۆلىتى



ياقۇب بەگ 1863- يىلى شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىپ، قەشقەرنى پايتەخت قىلغان. قەشقەرىيە نامى بىلەن تونۇلغان بۇ دۆلەت ئوسمان خەلىپىلىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. قەشقەرىيە دۆلىتى مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ تاجاۋۇز قىلىش قارا نىيىتىنى ئون نەچچە يىللاپ كەينىگە سۈرگەن بولسىمۇ، بىراق، ياقۇب بەگ 1877- يىلىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆت تىرەپ تۇرالمىغان. بۇنى پۇرسەت بىلگەن مانجۇ سەركەردىسى زۇ زوڭتاڭ شەرقىي تۈركىستاننى قايتىدىن ئىشغال قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. نەتىجىدە، 1884- يىلىغا كەلگەندە، مانجۇ قوشۇنى شەرقىي تۈركىستاننى رەسمىي بېسىۋالغان. مانجۇ ئىمپېرىيىسى شەرقىي تۈركىستاننى ئۇزۇن مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن خىتاينىڭ 19- ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرغان ۋە نامىنى «يېڭىدىن قوشۇۋېلىنغان زېمىن» ياكى «يېڭى چېگرا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بوگۇنكى «شىنجاڭ»غا ئۆزگەرتكەن. شەرقىي تۈركىستان شۇنىڭدىن تارتىپ، رەسمىي ھالدا خىتاي مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان.

## 1.6: ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيەت

مانجۇلارنىڭ مۇستەملىكچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تىنىمسىز كۈرەش

قىلغان ئۇيغۇرلار ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ يىقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىككى قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. گەرچە بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى خىتايلار بىلەن رۇسلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ، سۇيىقەست بىلەن يىقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتچىلىك ئەنئەنىسىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئا: شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى





1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلىنىپ، 16 كىشىدىن تەركىب تاپقان ھۆكۈمەت ھەيئىتى ئېلان قىلىنغان. خوجىنىياز ھاجى دۆلەت رەئىسى، سابىت داموللا ئابدۇلباقى باش مىنىستىر بولۇپ سايلانغان. ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى قىلىپ بېكىتىلگەن. يېڭى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇن لايىھەسى «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمئىيىتى»نىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «ئىستىقلال» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.



شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنى قىزغىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، پۇلى بارلار پۇلى، مېلى بارلار مېلى، كۈچى بارلار كۈچى، بىلىمى بارلار بىلىمى بىلەن بەس ـ بەستە ياردەم قىلىشقان. يۇرت كاتتىلىرى ۋە ئالىم ـ ئۆلىمالار ئىنقىلابقا ياردەم قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، مەسجىد ـ مەھەللىلەردە خەلققە مۇراجىئەت قىلغاندا، ئازادلىققا تەشنا ئۇيغۇرلار قولىدا بار ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇل ـ ماللىرىنى، ئاياللار زىبۇ زىننەتلىرىنى ئىئانە قىلىشقان.

ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ يېڭى جۇمھۇرىيەت 1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خىتاي ۋە سوۋېت ئىمپېرىيەلىرىنىڭ قول تىقىشى بىلەن ئېچىنىشلىق



ھالدا يوقۇتۇلغان. نەتىجىدە، پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستانغا قانات يايغان مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ مېۋىسى قولدىن كەتكەن. گەرچە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ، دۇنيادىكى تۇنجى ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

## ب: شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى



شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى خىتاي ۋە سوۋېت ئىمپېرىيەلىرىنىڭ قولى بىلەن يېقىتىلغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇرلار مۇستەملىكىگە قارشى مۇستەقىللىق كۆرىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. نەتىجىدە، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجا شەھرىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلانغان. ئەلىخان تۆرە دۆلەت رەئىسى، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم باش مىنىستېرلىققا سايلانغان. بىرىنچى قېتىملىق جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى ساقلاپ قېلىنغان. يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ھۆكۈمەت مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى، خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.


ئەخمەتجان قاسىمى
(1914-1949)

مانجۇ ئىمپېرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان مۇستەملىكىچى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن قوشۇنلىرىنى ئۈچ يۆنىلىش بويىچە غولجىغا ئەۋەتكەن. خىتاي ئەسكەرلىرى 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى غۇلجا شەھرىگە ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلغان.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەقدىرى خەتەر ئاستىدا قالغان شۇ پەيتتە، شەرقىي تۈركىستان خەلقى جۇمھۇر رەئىس ئەلىخان تۆرەنىڭ



قوماندانلىقىدا كىچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلىپ، ئۈچ تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلگەن خىتاي قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغان. پارتىزانلار بىلەن پىدائىيلانىڭ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىشى نەتىجىسىدە، دۈشمەن چېرىكلىرى تاغ جىرالىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن يوقىتىلغان.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى، مىللىي ئاقچىسى، دۆلەت قانۇنلىرى، قانۇنلارنى ئىجرا قىلىدىغان ئاپپارات ـ ئورگانلىرى، زامانىۋى ئۆلچەمگە چۈشكەن مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيىسى بار ئىدى. مىللىي ئارمىيە بارلىق يۇرۇشلەردە خىتاي ئارمىيىسىنى تارمار قىلىپلا قالماستىن، تەرتىپ ـ ئىنتىزام، ئاڭ ـ سەۋىيە ۋە ھەربىي قۇرۇلما جەھەتتىمۇ ئۇلاردىن ھەسسىلەپ ئۈستۈن تۇراتتى.



ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قان ـ تەر بەدىلى بىلەن قۇرۇلغان بۇ ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتمۇ ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئوخشاشلا خىتاي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرلىشىپ سۇيقەست قىلىشى نەتىجىسىدە يىقىتىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن تەھدىد دەپ قاراپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇشىنى خالىغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، خىتاي قىزىل ئارمىيىسى 1949ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان. شۇنىڭدىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ تۇرماقتا؛ ئۇيغۇر خەلقى مۇستەملىكچىلىككە قارشى كۆرىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرماقتا.



## ئۈچ ئەپەندى

1940ـ يىللاردا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن ۋە مەسئۇت سابىرى بايقۇزى... قاتارلىق ئۈچ كىشى ئۇرۇمچىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن سىياسىي چارە تېپىش



مەقسىتىدە بىرلىكتە ئىزدەندى. بۇلار يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن «ئۈچ ئەپەندى» دەپ ئاتالدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا 1901- يىلى خوتەندە تۇغۇلغان ۋە دىنىي ئالىم بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ 1933- يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچى رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىن 1901- يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان بولۇپ، ھەم دىنىي مەدرىسەدە، ھەم خىتايچە مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ 1936- يىلى خىتاي مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا سايلانغان. مەسئۇت سابىرى بايقۇزى 1887- يىلى غولجىدا تۇغۇلغان ۋە 1904- يىلى ئوقۇش ئۈچۈن تۈركىيەگە بارغان. بايقۇزى 1914- يىلى شەرقىي تۈركىستانغا قايتقاندىن كېيىن، مىللىي كۆرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدىن يەر ئالغان. ئۇ مائارىپقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان مەكتەپلەرنى ئاچقان. 1933- يىلى رۇسلار شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندا، بايقۇزى ھىندىستان ئارقىلىق خىتايغا قېچىپ كەتكەن ۋە خىتاي مەملىكەتلىك كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. بۇ ئۈچ رەھبەر 1943- يىلى خىتاينىڭ چوڭچىڭ شەھىرىدە ئۇچرىشىپ، بىرلىكتە خىزمەت قىلىشقا باشلىغان.

ئۈچ ئەپەندى 1943-1945- يىللىرى ئارىسدا چوڭچىڭدىكى مەزگىلدە



شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن بىر قاتار مۇھىم پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇ پائالىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان كومىتېتقا شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ماددىلارنى قوبۇل قىلغان ھالدا يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش تەكلىپىدۇر.



ئۇلار خىتاي ئاساسىي قانۇنىغا «تۈركىستان خەلقىنى تۈركىي مىللەت دەپ كىرگۈزۈش» ۋە «ئاساسىي قانۇننىڭ 4- ماددىسىدىكى شىنجاڭ دېگەن سۆزنى تۈركىستانغا ئۆزگەرتىش» تەكلىپىنى سۇنغان. بۇ تەكلىپ لايىھىسىنى

خىتاي ئامىسىغا جاكارلانغاندا، خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىغان. 1944- يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، ئۈچ ئەپەندى ۋەتىنىگە قايتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ۋە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن سىياسىي يول ئىزدەش مەقسىتىدە تاكى 1949- يىلى كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيىتىگە قەدەر ئۇرۇمچىدە ئىشلىگەن.

### 1.7: ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قوشقان تۆھپىسى

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن بۇيانقى شانلىق تارىخىدا ئىسلام دۇنياسىغا سانسىزلىغان تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇلاردىن بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

- ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن ئىسلامغا كىرگەن تۈركىي قەۋم بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە باشلامچىلىق قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدىكى يېتەكچى ئورنى ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تېزلىكتە قوبۇل قىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

- ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تىل - مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىسلاملىشىشىغا زور تەسىر كۆرسەتتى، شۇنداقلا ھىندى يېرىم ئارىلىنىڭ ئىسلاملىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

- ئۇيغۇرلار قەدىمكى يىپەك يولىدىكى شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە بىر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ خىتاي ۋە ھىندىستان مەدىنىيىتى بىلەن ئەرەب ۋە پارس مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، ئىسلام مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ بېيىشىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى.

- ئۇيغۇرلار ئەسىرلەردىن بۇيان ئەرەب - ئىسلام دۇنياسىنى، خۇسۇسەن ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىكى مۇسۇلمان ئەللىرىنى خىتاي ئىمپېرىيەلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن قوغداپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇرانە قارشىلىقى نەتىجىسىدە، خىتاي قوشۇنلىرى ئىسلام دۇنياسىغا قەدەم باسالمىدى. ئۇيغۇرلار بۈگۈنمۇ بۇ رولىنى جارىي قىلدۇرماقتا.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن بۈيۈك ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ

چىقىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىلىم ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپىلەرنى قوشقان. مىسال سۈپىتىدە مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن مەھمۇد كاشغەري بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ۋە ئۇلارنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك»نى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

## مەھمۇد كاشغەري ۋە تۈركىي تىللار دىۋانى



**مەھمۇد كاشغەري** مىلادىيە 11ـ ئەسىرلەردە ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دۇر. مەھمۇد كاشغەري مىلادى 1008ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىغ كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ نەسەبى قاراخانىيلار خان جەمەتىگە مەنسۇپ. مەھمۇد كاشغەري ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان بۈيۈك ئالىم، ئەدىب، دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، تەخمىنەن مىلادى 1105ـ يىلى 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ھاياتىدا نۇرغۇن تالىپ ۋە شاگىرت يېتىشتۈرۈپ چىققان مەھمۇد كاشغەري مىلادى 1072ـ 1074ـ يىللار ئارىسىدا ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداد شەھىرىدە دۇنياۋى بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تاماملىغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەر قايسى تۈرك لەھجىلىرىدىكى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن



بۈيۈك قامۇس بولۇپ، دۇنيا تارىخىدىكى تۇنجى سېلىشتۇرما لۇغەت ھېسابلىنىدۇ. 2008 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «دۇنيا مەھمۇد كاشغەري يىلى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە قۇتادغۇ بىلىك

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ** مىلادىيە 11ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى، مۇتەپەككۇر ۋە سىياسەتچى. ئۇ 11ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بالاساغۇندا تۇغۇلغان بولۇپ،



كېيىنچە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يەنە بىر سىياسى مەركىزى قەشقەردە تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات بولغان يىلى ئېنىق ئەمەس. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئالەمشۇمۇل ئەسىرىنى 1069- يىلىدىن 1070- يىلىغىچە تەخمىنەن 50 ياشتىن ئاشقان چېغىدا پۈتكۈزگەن. «قۇتادغۇبىلىك» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مۇھىم يازما يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» چوڭ ھەجىملىك داستان بولۇپ، مەركىزىي تېمىسى دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، ئەلنى خاتىرجەم قىلىشتىن ئىبارەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە مۇشۇ مەركىزىي تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ئائىت بايانلارنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.



## 2. كومـمۇنـىست خـىتـاي ئـىستېلاسى

شەرقىي تۈركىستان 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى خىتاي قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن تولۇق ئىشغال قىلىندى. ئاتېئىست كوممۇنىستلار شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالان ـ تاراج قىلدى ۋە رايوننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن زور ساندا خىتاي كۆچمەنلەرنى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكىدى. بۇنىڭدىن سىرت، شەرقىي تۈركىستان يەنە خىتاينىڭ ئاتوم سىنىقى بازىسىغا ئايلاندى. نۇرغۇن كىشىلەر رادىئاكتىپ ماددىلارنىڭ تەسىرىدە نامەلۇم كېسەللەر سەۋەبىدىن ئۆلدى ياكى مېيىپ بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى مانجۇ ۋە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قانداق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسا، بۇ يېڭى قىزىل كوممۇنىست مۇستەملىكىچىلەرگىمۇ شۇنداق قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلدى. خىتاي رېجىمى نۆۋەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەققانىي كۆرەشىنى خەلقئارادا يىتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن «دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش»قا باغلاپ ۋەھشىيلەرچە باستۇرماقتا. بىراق، قەھرىمان ئۇيغۇر خەلقى ئىشغالىيەتكە ۋە زۇلۇمغا قارشى كۆرەشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويغىنى يوق.

### 2.1: شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىشغال قىلىنىشى



1945 ـ يىلى فېۋرالدىكى يالتا يىغىنىدا ئىتتىپاقداش ئۈچ دۆلەت ــ سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى ستالىن، روزېۋېلت ۋە چېرچىللار بىر تەرەپتىن 2ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيا ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا پايدىلىق



بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي ئازاتلىق ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىگە تۈپتىن زىت بولغان «يالتا كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى. شۇ يىلى 27- دېكابىردا يەنە بۇ ئىتتىپاقداش ئۈچ دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى موسكۋادا «خىتاي مەسىلىسى توغرىسىدا ئاخبارەت» ئېلان قىلىپ، «خىتايدا ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش كېرەك» دەپ جاكارلىدى.

يالتا يىغىنىدا ستالىن روزېۋېلت ۋە چېرچىل بىلەن سودىلىشىپ، خىتاي پېرىزىدېنتى جياڭ جىيېشىغا تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىنى ئېتىراپ قىلغۇزۇش شەرتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئازاتلىق ئۇرۇشىنى توختىتىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىتاينىڭ ئەينى دەۋردىكى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى بىلەن «تىنچلىق سۆھبىتى» ئېلىپ بېرىشىغا قوشۇلدى. خىتاي تەرەپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆز ئىلكىدە قېلىشى بەدىلىگە تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمما، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي خىتايدا كوممۇنىستلار ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى.

1949- يىلى ئىيۇندا موسكۋادا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا قايتىدىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى. بۇ سۆھبەتلەردە، ستالىن يالتا يىغىنىدا بەرگەن ۋەدىسىگە «سادىق» بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىش ئارقىلىق خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇرۇنقى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىنى قوبۇل قىلىپ، تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بۇنىڭ بەدىلىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېڭىدىن قۇرۇلماقچى بولغان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تېررىتورىيىسىنىڭ بىر پارچىسى بولۇشىغا قوشۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن، سوۋېت تەرەپنىڭ كۆچلۈك قوللىشىغا ئېرىشكەن



ختاي قىزىل ئارمىيىسى 1949- يىلى ئۆكتەبىردە شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، 1950- يىلىنىڭ بېشىدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلدى. نەتىجىدە، بەش يىل مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مۇنقەرىز بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان قايتىدىن يېڭى بىر مۇستەملىكىچى — ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دىكتاتورلۇقىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

## 2.2: بايلىقلارنى تاران - تاراج قىلىش



كوممۇنىست ختايلار شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن 1951- يىلىدىن باشلاپلا «ئىجارە كىمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش» ۋە «يەر ئىسلاھاتى» قاتارلىق بىر قاتار سىياسى ھەركەتلەرنى قوزغاپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالدى، بىر قىسىم باي ۋە يەر ئىگىلىرىگە «زومىگەر» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ ئېتىپ تاشلىدى. 1954- يىلىدىن باشلانغان «كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش» ھەرىكىتى ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا 1955- يىلى «مىللىي بۇرژۇئازىيە سودا- سانائەتچىلىرىگە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش» شۇئارى ئاستىدا، شەخسى ئىگىلىك بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يەرلىك مىللىي سودا- سانائەتچىلەر ۋە چارۋىچىلارنىڭ مال- مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ ئالدى. 1958- يىلىغا كەلگەندە «شەخسلەرنىڭ ئۆي مۈلۈكىگە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش» ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ — جايلىرىنىمۇ تارتىۋالدى. نەتىجىدە، شۇ يىلى باشلانغان «كوممۇنالىشىش» ھەرىكىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى دېھقان- چارۋىچىلارنى پۈتۈنلەي نامرات ھالغا چۈشۈرۈپ

قويدى.



1959ـ 1961ـ يىللاردا خىتايدا ئاچارچىلىق يۈز بەرگەندە، گەرچە شەرقىي تۈركىستاندا تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرمەي، يېزا ئىگىلىكىدە ئىلگىرىكى يىللاردەك مول ھوسۇل ئېلىنغان بولسىمۇ، ئاشلىقلار خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە يۆتكىلىپ، يەرلىك خەلققە ئاچ قالدۇرۇلدى. شۇ تۈپەيلى شەرقىي تۈركىساننىڭ بەزى جايلىرىدا ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، نۇرغۇن كىشى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى.



1962ـ يىلى خىتاي رېجىمى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش، ھەمدە ئىگىسىز قالغان مال- مۈلۈك ۋە ئۆي- زىمىنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن غەرەزلىك ھالدا چېگرانى ئېچىۋەتتى. نەتىجىدە، ئىلى ۋە چۆچەكتىن ئاچارچىلىق دەستىدىن قىينالغان 120 مىڭ كىشى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئارقىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلەرنىڭ مال - مۈلكى ۋە ئۆي - زېمىنلىرىنى خىتاي كوممۇنىستلىرى تالان - تاراج قىلدى.

يۇقۇرىدىكىلەر كوممۇنىست خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ قول ئىلكىدىكى نەق مال - مۈلۈكلەرنى قانداق تالان - تاراج قىلغانلىقىنىڭ كىچىك بىر قانچە كارتىنلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى تەبىئىي بايلىقلىرىنى كېچە - كۈندۈز بۇلاپ كېتىۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان بىر ھەقىقەت.

### 2.3: كۆچمەن يۆتكەش

كوممۇنىست خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنكى 70 يىل مابەينىدە، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ




نوپۇس ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۆپ ساندا خىتايلارنى ھەربىي، دېھقان ۋە باشقا ھەرخىل سالاھىيەتلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ كېلىپ، كۆرۈنەرلىك نوپۇس ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇيغۇرلار دەسلەپتە شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ 75% نى، خىتايلار بولسا ئاران 6 % نى تەشكىل قىلاتتى. ھازىرقى ئەھۋالدا، تامامەن ئوخشىمىغان سان ـ سىپىرلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئالايلۇق، خىتاينىڭ 2017 ـ يىلىدىكى ھۆكۈمەت ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ % 45 نى، خىتايلار% 40 نى تەشكىل قىلىدۇ.



خىتاي رېجىمى ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي كۆچمەنلەرنى يەرلەشتۈرۈشنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەشەببۇس قىلاتتى ۋە مەركەزدىن بىر تۇتاش ئېلىپ باراتتى. بۇ ئەھۋال كېيىنكى مەزگىللەردە ئۆزگەردى. رېجىم ھازىر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەر ۋە رايونلىرىنى خىتاينىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرىگە بۆلۈپ بەرگەن بولۇپ، بۇ ئۆلكىلەر ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان شەھەر ۋە رايونلارغا ھەر خىل شۇئارلار ئاستىدا خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆپلەپ يۆتكەپ كەلمەكتە. بەزى تەتقىقاتچىلار، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا 200 مىليون خىتاي كۆچۈرۈش پىلانى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.



ئومۇمەن، خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا خىتايلارنىڭ نوپۇسىنى كۆپەيتىپ ئۇيغۇرلارنى ئاز سانلىققا چۈشۈرۈش، ئۇيغۇرلارنى ئېرىتىپ ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ئۈچۈن خىتاي كۆچمەنلەرنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆپلەپ يەرلەشتۈرۈش سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي كۆچمەنلىرى ئىلگىرى بۇ يەرنى ئۆزلىرىنىڭ زېمىنى دەپ قارىمايتتى ۋە ئۇرۇش ـ جىدەل چىققان ھامان قېچىپ كېتەتتى. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرىدە خىتايلار يېقىندىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزلىرىنىڭ زېمىنى دەپ قارايدىغان ۋە ئۇرۇش - جىدەل چىققاندا قاچمايدىغان ھالەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ بىر خەتەرلىك يۈزلىنىش.

### 2.4: ئاتوم سىنىقى



خىتاي نۆۋەتتە يادرو قورالغا ئىگە ساناقلىق دۆلەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. كوممۇنىست خىتاي رېجىمى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ لوپنۇر رايونىنى ئۆزىنىڭ يادرو قورال سىناق بازىسى قىلىپ كەلدى. تەخمىنلەرگە ئاساسلانغاندا، خىتاي دائىرىلىرى 1964- يىلىدىن 1996- يىلىغىچە جەمئىي 45 قېتىم يادرو قورال سىنىقى ئېلىپ بارغان بولۇپ بۇ سىناقلارنىڭ 22سى يەر ئاستىدا، 23ى يەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان.




خىتاي رېجىمى لوپنۇردا پارتلاتقان ئاتوم بومبىلىرىنىڭ مىقدارى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 3 مېگاتوننا كېلىدۇ. ياپونىيەلىك ئالىم تاكادانىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، بۇ بومبىلارنىڭ تەسىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا خىروشىماغا تاشلانغان ئاتوم بومبىسىنىڭ تەسىرىدىن 200 ھەسسە چوڭ.

بۇ خىل ئاتوم سىناقلىرىنىڭ تەسىرىدە، 1990- يىلىدىن 2000- يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنا 10 يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى راك كېسەللىرى بىر ھەسسە كۆپەيگەن بولۇپ، 1995- يىلىدىن 2000- يىلىغىچە رادىئاسىيە




كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەر تۈرلۈك كېسەللەر سەۋەبىدىن ئەڭ ئاز دېگەندە 194 مىڭ ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى، 1 مىليون 200 مىڭ كىشىنىڭ راك ۋە ھەر تۈرلۈك تىرە كېسەللىرىگە گىرىپتار بولغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا. خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ سالامەتلىكىنى ھېچ ئويلاشمىغان، ھەمدە كىشىلەرنى يادرو سىنىقىدىن خەۋەردار قىلمىغان. بۇنىڭدىن خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يادرو ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.




خىتاي دائىرىلىرى 2019 ـ يىلى لوپنۇردىكى يادرو پائالىيەتلىرىنى كۈچلەندۈرۈپ، يېڭىدىن يادرو سىناق مەيدانلىرى ۋە ئوق-دۇرا ئېسكىلاتلىرىنى ياسىدى. خىتاينىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى نۆۋەتتە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەندىشىسىنى قوزغاۋاتىدۇ.

## 2.5: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك كۈرىشى

ئۇيغۇر خەلقى شەرقىي تۈركىستان ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، خىتاي قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئوپچە قاتىللىق، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋە ئېچىنىشلىق باستۇرۇشلىرىغا دۇچار بولغان بولسىمۇ، بىراق، بار بولغان پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرى ئارقىلىق ئىشغالىيەتچىلەرگە قارشى كۆرىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. شەرقىي تۈركىستاندا بۈگۈنگىچە 500 دىن ئارتۇق چوڭ-كىچىك قارشىلىق ھەرىكەتلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاي رېجىمىنىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان. ئىشغالىيەت باشلانغاندىن تارتىپ تا بۈگۈنگە قەدەر، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى باسقۇچمۇ باسقۇچ يامانغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ كۈنىمىزدە ئۇرۇش جىنايىتىنىمۇ بېسىپ چۈشۈدىغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ

كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىللىرى ۋە بۇرۇلۇش نوقتىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

## ئوسمان باتۇر قوزغىلىڭى




شەرقىي تۈركىستان خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىشغالىيەتكە قارشى كۆرەش قىلىشنى داۋام قىلدى. شەرقىي تۈركىستاندا 1949- يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە ئەڭ ئاز دېگەندە يەتتە قېتىم چوڭ ئىنقىلاب مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا ئورۇن ئالىدىغىنى ۋە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغىنى ئوسمان باتۇر قوزغىلىڭىدۇر.



بۇ ھەرىكەتكە ئوسمان باتۇر ئىسىملىك بىر كىشى قوماندانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن «ئوسمان باتۇر قوزغىلىڭى» دەپ ئاتالغان. ئوسمان باتۇر 1989 - يىلى ئالتايدا تۇغۇلغان بولۇپ، پۈتۈن ھاياتى بويىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن قوراللىق كۈرەش قىلغان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتاي رايونىدا باش كۆتۈرگەن ئوسمان باتۇر ۋە ئۇنىڭ قەھرىمان ئەسكەرلىرى ئىككى يىل ئىچىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 150 قېتىمدىن ئارتۇق ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغان.

خىتاي كوممۇنىستلىرى 1950 - يىلى ئوسمان باتۇردىن قورال تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن

«بۈگۈن قۇرال تاپشۇرغان، ئەتە جېنىنى تاپشۇرىدۇ» دەپ، تەسلىم بولۇشنى



قەتئىي رەت قىلغان ۋە خىتاي قىزىل ئارمىيىسى بىلەن ئاداققىچە ئۇرۇش قىلغان. نەتىجىدە، ئوسمان باتۇر 1951- يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خىتاي قىزىل ئارمىيەسى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29- كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن.

## بارىن ئىنقىلابى



ئىشغالىيەتتىن قۇتۇلۇش يولىدا ھەر ۋاقىت زور بەدەللەرنى تۆلەپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى، 1990 ـ يىلى باھاردا خىتاي ئىشغالىيىتىنى ئەسلا قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى جانلىرى ۋە ماللىرىنى پىدا قىلىش ئارقىلىق دۇنياغا يەنە بىر قېتىم جاكارلىدى. بۇ قېتىم شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا ۋەتەنپەرۋەر ئوت يۈرەك ياشلار خىتاي دائىرىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ئىشغالىيەتنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، زۇلۇمغا باش ئەگمەيدىغانلىقىنى ۋە مۇستەملىكىدىن قوتۇلۇش ئۈچۈن قانداق بەدەل تۆلەش كېرەك بولسا ئۇنى تۆلەشكە تەييار ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرادىسىنى دۇنياغا تونۇتالىغان ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەردىن بىرى بولۇپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئۇنى ئىزچىل خاتىرىلەپ كېلىۋاتىدۇ.



1990- يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا قۇماندان زەيدىن يۈسۈپنىڭ باشچىلىقىدا، شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە كەڭ كۆلەملىك قۇراللىق

ھەرىكەت باشلاندى. زەيدىن يۈسۈپ قوماندانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ قوراللىق ھەرىكەتكە قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى مىڭدىن ئاشمىسىمۇ، بىراق، ئۇلار سان جەھەتتىن ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەننى يەر چىشلەتتى.



خىتاي تەرەپ بۇ ئىنقىلابنى باستۇرۇش ئۈچۈن ھاۋا ئارمىيىسى، بىڭتۈەن توپچى قىسىملىرى، تانكا قاتارلىق ئېغىر قوراللار بىلەن قوراللانغان ھەربى قىسىملار بولۇپ جەمئىي 18 مىڭ ھەربى ۋە ساقچى قىسىملىرىنى قاتناشتۇرغانلىقى ۋە جەڭدە كۆپ ساندا خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلگەنلىكى مەلۇم. ئۇرۇش 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە شىددەتلىك داۋام قىلغان. سانى مىڭغىمۇ يەتمەيدىغان ئۇيغۇر ياشلىرى خىتاينىڭ 20 مىڭغا يېقىن مۇنتىزىم ۋە ئېغىر قوراللىق ئەسكەرلىرى بىلەن 5 كېچە-كۈندۈز ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىرىدا تەسلىم بولماي باتۇرلارچە شەھىد بولغان.




بارىن ئىنقىلابى مۇنداقلا تاسادىپى چىقىپ قالغان بىر قوزغىلاڭ بولۇپ قالماستىن، بەلكى شۇ دەۋرنىڭ شارائىتىغا خاس قوراللار بىلەن قوراللانغان مۇنتىزىم ئەسكەرلىرى بولغان بىر ھەرىكەت ئىدى. بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقانلارنىڭ كۆپ قىسمى بارىن خەلقىدىن تەشكىل قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق، قەشقەر، خوتەن، قاغىلىق، يەكەن، يېڭىسار، كۇچا، غۇلجا ۋە ئاقسۇ... قاتارلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا ۋىلايەت ـ شەھەرلىرىدىنمۇ ياشلار كېلىپ قاتناشقان. بۇ ھەرىكەت بارىن يېزىسىغىلا ئەمەس بەلكى پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇھىم بىر ھەرىكەت بولۇپ، ھەرىكەتنىڭ ئاساسى مەقسىتى شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاي ئىشغالچىلىرىنى قوغلاپ

چىقىرىپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئىدى.

بارىن ئىنقىلابى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئىنتىلىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى ۋە شۇنىڭدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ئىشغالىيىتىگە قارشى ھەر خىل شەكىلدە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى داۋام قىلىپ كەلدى. بۇ ئىنقىلاب، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئويغانغانلىقىنى، خىتاي ئىشغالىيىتىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، ھۆر مۇستەقىل ياشاش ئىرادىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى خىتايغا ۋە دۇنياغا كۆرسەتتى.

### غۇلجا قەتلىئامى




تارىختا بىر قانچە قېتىم شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق كۆرىشىنىڭ مەركىزى بولغان غۇلجا شەھىرى 1997-يىلى 2- ئاينىڭ 5-كۈنى يەنە بىر قېتىم زور بىر ۋەقەگە سەھنە بولدى. غۇلجا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ياشلار 1994- يىلىدىن تارتىپ خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىشسىز قالدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنى زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئىچىملىككە خۇمار قىلىپ، ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىكلەشتۈرۈشتەك رەزىل قىلمىشىغا تاقابىل تۇرۇپ، ياشلارنى ۋەتەن ۋە مىللەتسۆيەر قىلىپ تەربىيلەش مەقسىتىدە ئىلى مەشرىپىنى جانلاندۇرۇپ، يىغى مەشرەپ سورۇنلىرىنى تەشكىللەپ، ئۇيغۇر ياشلىرىنى ۋەتەنپەرۋەرلىككە دەۋەت قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي خىتاي دائىرىلىرى بۇ خىل سورۇنلارنى چەكلەشكە ئۇرۇندى. نەتىجىدە، ياشلارنىڭ تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى جۈملىدىن پۇتبول كوماندىلىرى تەشكىللەپ مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش ھەرىكىتىمۇ توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى.

كۆپ ساندا ياشلار خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا نارازى بولۇپ دەردىنى




ئىچىگە يۇتۇپ تۇرغان بىر ۋەزىيەتتە، 1997- يىلى 2- ئاينىڭ 4 - كۈنى كېچىسى غولجىدا رامىزان ئېيىنىڭ قەدىر كېچىسى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر يەرگە توپلىشىپ قۇرئان ئوقۇۋاتقان بىر توپ ئاياللارنى خىتاي ساقچىلىرى تۇتۇپ كەتتى. نورمال دىنى ئىبادەتنى ئادا قىلىشتىن باشقا ھېچ بىر گۇناھى بولمىغان بۇ مۇسۇلمان ئاياللار خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئۇرۇلغان، ھەتتا ئۇلاردىن بىر قانچىسى تاياق زەربىسىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ خورلۇققا چىدىمىغان غۇلجا ياشلىرى 5 - فېۋرال كۈنى كوچىلارغا تۆكۈلۈپ نامايىش قىلغان.




تىنچ نامايىش قىلغان 700 – 800 ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرى خىتايىنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيە ۋە ساقچى قىسىملىرىنىڭ ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان بولۇپ، خىتاي ئەسكەرلىرى قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلاپ، ھايات قالغانلارنى تۇتۇپ ماشىنىلارغا بېسىپ ئېلىپ ماڭغان. بۇ ۋەھشىيلىكنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن شەھەر ئاھالىسى غەزەپلىنىپ ،ئەتىسى، يەنى 6 - فېۋرال كۈنى مىڭلاپ كوچىغا چىقىپ نارازىلىق بىلدۈرگەن ۋە ناھەق قامالغان ياشلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. خىتاي رېجىمى غۇلجا خەلقىنىڭ بۇ ئورۇنلۇق تەلىپىگە قۇلاق سېلىش ئورنىغا، ئاپتۇمات ۋە پىلموتلار بىلەن خەلقنى ئوققا تۇتقان. گەرچە نامايىشچىلار قولىدىن كېلىشىچە قارشىلىق قىلىپ، باتۇرلارچە ئېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن خىتايىنىڭ زور مۇنتىزىم ئارمىيە ۋە ساقچى قىسىملىرىغا تەڭ كېلەلمەي، قانلىق باستۇرۇلغان. غۇلجا كوچىلىرى قان بىلەن بويالغان.

غۇلجا قەتلىئامى ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشىدا ۋە خەلقئارا سىياسىي سەھنىلەردە يەر ئېلىشىدا



هەل قىلغۇچ رول ئوينىغان بولۇپ، غۇلجا خەلقى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى ئارقىلىق پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە كۈچلۈك شەكىلدە ئاڭلىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چەتئەللەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ كۈچىيىشى ۋە زورىيىشى ئۈچۈنمۇ زور تۆھپە قوشقان.

## ئۈرۈمچى قەتلىئامى



2009- يىلى 7 - ئاينىڭ 5- كۈنى ئۇيغۇر خەلقى خىتاينىڭ مۇستەملىكىچى سىياسىتىگە قارشى ئەركىنلىك ۋە ئادالەت تەلەپ قىلىپ مەيدانغا چىققان ۋە ئارقىدىن خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلغان ھەم شەرەپلىك، ھەم پاجىئەلىك بىر كۈندۇر. «ئۈرۈمچى قەتلىئامى» دەپ ئاتالغان بۇ ۋەقە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەملىكە تارىخىدا كەم كۆرۈلىدىغان شىددەتلىك قارشىلىق ھەرىكىتى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ.

2009- يىلى 6- ئاينىڭ 26- كۈنى خىتاينىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋگۇەن بازىرىدىكى بىر ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە



سېلىنىۋاتقان ئويغۇر ياشلىرى خىتاي ئىشچىلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان ۋىدىيولۇق كۆرۈنۈشى خىتاي تور بەتلىرىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ ئەھۋال شەرقىي تۈركىستاندىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن، 5- ئىيۇل كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاساسلىقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئۇيغۇر ياشلىرى تەڭسىزلىك ۋە زۇلۇمغا قارشى قوزغالدى.



ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ نارازىلىق ھەرىكىتىمۇ بۇرۇنقىلىرىغا ئوخشاشلا خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلدى. شۇ كۈنى كېچىسى خىتاي ساقچىلىرى ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى توكنى ئۈزۈۋېتىپ، ئۆي- ئۆيلەرگە كىرىپ، كەڭ كۆلەملىك «تازىلاش» ئېلىپ باردى. ئارقىدىن، خىتاي رېجىمى ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي-ساقچىلىرى ۋە بىڭتۈەن ئەسكەرلىرىنى پۈتكۈل ئۈرۈمچىگە ياساندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇشقا سالدى. خىتاي رېجىمىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەن خىتاي كوچىمەنلىرىمۇ غالجىرلىشىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى جايلاشقان مەھەللىلەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە ئالدىغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇپ، چاناپ ئۆلتۈردى.



نېمىلا بولمىسۇن، بۇ ھەرىكەت خىتاي ئىشغالچىلىرىنى قاتتىق چۆچۈتكەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي رېجىمى ئۇيغۇرلارنى سىستېمىلىق باستۇرۇش ۋە قىرغىن قىلىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانىنى تۈزۈشكە ئۆتكەن. شۇڭلاشقا، بۇ ھەرىكەتنى خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تېزلىكتە تەلتۆكۈس يوقۇتۇش ئىرادىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان چوڭ ۋەقە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ نوقتىدىن قارىغاندا، خىتاينىڭ 2017 - يىلىدىن بېرى كەڭ-كۆلەملىك ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ۋە بۇ جىنايەتنىڭ داۋاملىشىش سەۋەبىنى بۇ ۋەقەگە باغلاش مۇمكىن.

بۇ زور ۋەقەدىن كېيىن خىتاي دائىرىلىرى بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ



جەڭگىۋارلىقىنى «رادىكال ئىسلامىزم»غا باغلاپ، ئۇلارنى دۇنياغا «تېرورچى» قىلىپ كۆرسىتىشكە كۆچىسە، يەنە بىر تەرەپتىن «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» باھانىسىدە ئىرقىي قىرغىنچىلىق قەدىمىنى باشلىدى.

ئۈرۈمچى قەتلىئامى بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى دۈشمەن كۆرۈش ۋە يوقۇتۇش ئىرادىسىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك، قىرغىنچىلىق ماھىيىتىنى خەلقئاراغا ئاشكارىلاپ بەردى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ، بۇ ۋەقە ئۇيغۇر تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ قارشىلىق ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ.



ھەر يىلى 5 - ئىيۇلدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار بۇ قەتلىئامدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى خاتىرىلەش، ئۆتمۈشتىكى قانلىق تارىخنى ئەسلەش، خىتاينىڭ جىنايىتىنى داۋاملىق پاش قىلىش ئارقىلىق ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىش، خىتايدىن ھېساب ئېلىش ئىرادىسىنى نامايەن قىلىپ كەلمەكتە.

## يەكەن قەتلىئامى

يەكەن قەتلىئامى 2014- يىلى 28- ئىيۇل، رامىزاننىڭ 28- كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمى شەھىرى يەكەندە مەيدانغا كەلگەن. بۇ قەتلىئام خىتاي رېجىمىنىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇرۇشىنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى ئىدى. 2014- يىلى رامىزاندا خىتاي دائىرىلىرى يەكەندە 40 نەچچە ئايالنى ھىجابلانغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئالغان. بۇ ئايالLارنىڭ ئەرلىرى ۋە باللىرى دائىرىلەرگە بېرىپ، روزا ھېيت يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، ئۇلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بىراق، خىتاي دائىرىلىرى ئۇلارنى قويۇپ بېرىش ئورنىغا، زورلاۋانلىق قىلغان.

ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا، خىتاي ساقچىلىرى قانۇنسىز يىغىلىش دېگەننى باھانە قىلىپ، رامىزان كېچىسى بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىگە بېسىپ كىرىپ، 10-15 تەك كىشىنى ئېتىپ تاشلىغان. بۇ ۋەقەلەر يەكەن خەلقىنى خىتاي دائىرىلىرىگە قارشى قوزغىلىپ، ھەق-ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىشقا ئۈندىگەن. ۋاھالەنكى، خىتاي قوراللىق قىسىملىرى 3000 دىن ئارتۇق قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ يوق ئۇيغۇرنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلغان. قەتلىئامدىن كېيىن جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، خىتاي دائىرىلىرى يەكەننى تامامەن قامال قىلغان ۋە ئالاقە تورىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، نەچچە ئايغىچە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگەن.




شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، 22 ياشلىق ئۇيغۇر يىگىتى ئەبۇبەكرى رېھىم ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، بۇ قەتلىئامنى VPN ئارقىلىق دۇنياغا ئاشكارىلىغان. خىتاي دائىرىلىرى ئەبۇبەكرىنى قولغا ئېلىپ، «دۆلەت مەخپىيەتلىكى»نى ئاشكارىلىغانلىقى ئۈچۈن، 9 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان.

## 2.6: «دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تېررورىزم» ئەپسانىسى



خىتاي كوممۇنىست رېجىمى 1949-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەققانى ئازادلىق كۆرىشىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا يىتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل بۆھتان ۋە يالغان-ياۋىداقلارنى تۇقۇپ كەلدى. خىتاي دائىرىلىرى زۇلۇم ۋە خورلۇققا قارشى ئاتلانغان ئەزىمەتلەرنى دەۋرنىڭ تەقەززاسىغا قاراپ پەرقلىق ناملار بىلەن سەتلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچىدى. ئالايلۇق، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان كىشىلەر تۈركلۈك خاھىشىغا ئىگە بولسا «پان-تۈركىزمچى»؛ ناماز ئوقۇيدىغان دىندارراق بولسا «پان-ئىسلامچى»؛ مىللەتنى




سۆيىدىغان بولسا، «بۆلگۈنچى»؛ باي بولسا «كاپىتالىست»، زىيالىي بولسا «بۇرژۇئازىيە»؛ دىنىي ياكى مىللىي كىملىكىگە چىڭراق ئېسىلىدىغان بولسا «ئاشقۇن، ئەسەبىي» دېگەن قالپاقلار كىيدۈرۈلۈپ، ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇلدى.

ئۇيغۇرلارنى ھەر خىل بەتناملار بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن خىتاي دائىرىلىرى 11- سېنتەبىر تېررورلۇق ھۇجۇمىدىن كېيىن ئامېرىكا دۇنيا مىقياسىدا قوزغىغان «تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش»نى پۇرسەت بىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى «تېررورلۇق» دەپ جاكارلىدى ۋە ئۆزىنىڭمۇ يىللاردىن بۇيان «تېررورلۇقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى» ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، يەر شارى خارەكتېرلىك «تېررورلۇققا قارشى» ئاتموسفېرادىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنى دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇشقا باشلىدى. بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي رېجىمىغا قارشى ھەر قانداق بىر ھەرىكەت، ھەتتا نارازىلىقمۇ «تېررورلۇق» دەپ قارالماقتا ۋە ئۇيغۇرلار «تېررورچىلار» سۈپىتىدە يۇقۇتۇلماقتا.




11 – سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا «دىنىي ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» قوزغاپ، ئىسلامنىڭ «تېررورلۇقنىڭ ۋەنبەسى» ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى، ھەمدە ئىسلامنىڭ تەسىرىنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىن پۈتۈنلەي چەكلىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان سىياسەتلەرنى كۆپلەپ ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. خىتاي دائىرىلىرى ئۆتكەن 20 يىل مابەينىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋە ئىسلامغا قارشى ئۇرۇشىنى ئاقلاش ئۈچۈن «تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» تەرىپىدىن يارىتىلغان خەلقئارا ئاتموسفېرادىن پايدىلىنىپ كەلدى.



2014 ـ يىلىدا دائىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارنى «دىنىي ئاشقۇن» سۈپىتىدە باستۇرۇشى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم تارىخىي پۇرسەت ياراتتى. نەتىجىدە، خىتاي دائىرىلىرى شۇ يىلى باھاردىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك «تېررورلۇققا ۋە دىنىي ئاشقۇنلۇققا قارشى قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. 2017ـ يىلىغا كەلگەندە، «دىنىي ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» باھانىسى بىلەن مىليونلىغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولاندى. خىتاي رېجىمى نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان بارلىق باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» نامىدا ئېلىپ بارماقتا.

## 3. خىتاينىڭ ئىسلامغا قارشى ئۇرۇشى

خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىغا قارشى ئۇرۇش ئېچىپ، دىنىي مەدرىسەلەرنى تاقىدى، ئۆلىمالارنى تۇتۇپ سولىدى ياكى ئېتىپ تاشلىدى؛ مەسچىتلەرنى بىر بولسا يىقىپ تاشلىدى ياكى چوشقا قوتانلىرىغا ئايلاندۇردى. قۇرئان ۋە باشقا دىنىي كىتابلار كۆيدۈرۈلدى. قىسقىسى، كوممۇنىست ئىشغالىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى تامامەن ئەمەلدىن قالدى. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى دۇئا ۋە ناماز... دېگەندەك ئەقەللىي ئىبادەتلىرىنىمۇ ئاشكارە قىلالمايدىغان بىر ۋەزىيەت شەكىللەندى.

### 3.1: دىنىي مەدرىسەلەرنى تاقاش

ئاتېئىست كوممۇنىستلار شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن دىنىي مەدرىسەلەرنى تاقاپ، ئىسلامىي ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى مائارىپ سىستېمىسىدىن تەلتۆكۈس چىقىرىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەكتەپلەردە مۇسۇلمان پەرزەنتلەرگە ئاتېئىزم دەرسى ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. خىتايدا 1966 ــــ 1976- يىللىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ناملىق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى جەريانىدا ئىسلام دىنى ئاتالمىش «تۆت قالاقلىق»نىڭ بىرى سانىلىپ، زەربە بېرىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى 1980- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە دىنىي مائارىپتىن تامامەن مەھرۇم ھالەتتە ياشىدى.

خىتاي رېجىمى 1980- يىللاردىن كېيىن دىنىي چەكلىمىنى بىر ئاز بوشىتىپ، پۇقرالارنىڭ چەكلىك دائىرىدە دىنىي پائالىيەت قىلىشىغا يول قويدى. بۇ پۇرسەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا دىنىي ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى قايتىدىن راۋاجلىنىشقا باشلىدى. خىتاي

رېجىمىنىڭ باستۇرۇشىدىن ئامان قالغان بىر قىسىم دىنىي ئۆلىمالار ئۆيلىرىنى مەدرىسە قىلىپ بالا ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللاندى. ئىسلامىي بىلىملەرگە تەشنا بولغان خەلقمۇ بالىلىرىنى دىنىي ئۇستازلارغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ھەتتا بەزى ئائىلىلەر بالىلىرىنى دىنىدا ئالىم بولسۇن دەپ، پاكىستان، مىسىر ۋە سەئۇدىي ئەرەبىستان... دېگەندەك ئىسلام دۆلەتلىرىگە ئوقۇشقا يولغا سالدى.

بۇ خىل دىنىي گۈللىنىشتىن ئەنسىرىگەن خىتاي رېجىمى 1990-يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە جەمئىيەتتىكى بۇ خىل دىنىي ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى قايتىدىن مەنئىي قىلدى، ھەمدە ئۆيدە بالا ئوقۇتقان ئۇستازلارنى ۋە بالىلىرىنى بۇ خىل ئۇستازلاردا ئوقۇتقان ئاتا-ئانىلارنى ئېغىر جازالىدى. بىراق، بۇ قېتىم، بۇرۇنقىدىن پەرقلىق ھالدا، دىنىي مائارىپنى تەلتۆكۈس ئەمەلدىن قالدۇرماستىن، بەلكى دىنىي ساھەنى كونترول قىلىشنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، دۆلەت ئىلكىدىكى بىر قىسىم دىنىي ئوقۇتۇش نوقتىلىرىنى تەسىس قىلدى. بۇ خىل ئوقۇتۇش نوقتىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە سادىق ئىمام ۋە خاتىپلارنى تەربىيەلەش بولۇپ، قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچى سانىمۇ ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. بۇ خىل ئوقۇتۇش نوقتىلىرىمۇ كېيىنچە بىر-بىرلەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. نۆۋەتتە، خىتاينىڭ ستاتىستىكىسى بويىچە بولغاندا 11 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ياشايدىغان شەرقىي تۈركىستاندا ئوقۇغۇچى سانى 300 گىمۇ يەتمەيدىغان بىرلا ئىسلام ئىنستىتۇتى (شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى) بار. بۇ ئىنستىتۇتمۇ ئەمەلىيەتتە ئىسلام دۇنياسىغا قارىتا سىياسىي تەشۋىقات قىلىش ۋە كوممۇنىست پارتىيەگە سادىق دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويۇلغان.

خىتاي دائىرىلىرى 2014-يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىسىگىچە كادىر ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنى تولۇق كۆزىتىش ئارقىلىق، پەرزەنتلەرگە قۇرئان ئوقۇش، ناماش ئوقۇش... دېگەندەك ئەقەللىي ئىسلامىي ساۋاتلارنى ئۆگىتىش ئىمكانىيىتىنىمۇ يوققا چىقاردى. پاكىستان، مىسىر، سەئۇدىي ئەرەبىستان ۋە تۈركىيە... دېگەندەك مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە بېرىپ، دىنىدا ئوقۇپ قايتقانلارنى تۇتۇپ سولىدى، ئوقۇۋاتقانلارنى بولسا قايتىپ كېلىشكە زورلىدى. ھەتتا خىتاي

ساقچىلىرى 2017- يىلى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ تۇتۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشى بىلەن مەجبۇرىي قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۆز دىنىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئىمكانىيىتىدىن تامامەن مەھرۇم ھالەتتە ياشىماقتا. مۇسۇلمان پەرزەنتلەر خىتاينىڭ دۆلەت مەكتەپلىرىدە تامامەن دىندىن خالىي ھالدا ئاتېئىزم تەربىيىسى ۋە خىتاي تىلى- مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيەلەنمەكتە.

### 3.2: دىنىي ئۆلىمالارنى باستۇرۇش



شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي كوممۇنىستىك رېجىمىنىڭ ئەڭ چوڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان كىشىلەر ھېچ شۈبھىسىز دىنىي ئۆلىمالاردۇر. مەيلى شەرقىي تۈركىستان ئىشغال قىلىنغان دەسلەپكى چاغلاردا بولسۇن ياكى يېقىنقى يىللار مابەينىدە بولسۇن، دىنىي ئۆلىمالار كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئاساسلىق يوقۇتۇش نىشانى بولۇپ كەلدى. شەرقىي تۈركىستاندا دىنىي ئۆلىمالار ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھەر خىل قالپاقلار كىيدۈرۈلۈپ قانداق يوق قىلىنغان ياكى خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈلگەن بولسا، بۈگۈنمۇ ئوخشاش قىسمەتكە دۇچ كەلمەكتە.

مەلۇم بولىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا 2014 - يىلىدىن بۇيان 1000دىن ئارتۇق دىنىي ئۆلىما جامائەتكە يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ياكى دىنىي تەلىم - تەربىيە بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە 57 كىشىنىڭ يېشى



60تىن يۇقۇرى . خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇچۇرلارنى قاتتىق كونترول قىلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇ پەقەتلا مۇزتاغنىڭ كۆرۈنگەن قىسمىدۇر. ھەقىقىي سانىنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. تۇتۇلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى 15-20 يىللىق، ھەتتا ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولۇپ، بۇ خىتاي دائىرىلىرىنىڭ نۇقۇل ھالدا دىنىي پائالىيەتلەرنى جىنايەت دەپ قاراپلا قالماي، بەلكى ئۆلىمالارنىمۇ جىنايەتچى دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۆلىمالارغا ئارتىلغان جىنايەتلەر بولسا «قانۇنسىز» بالا ئوقۇتۇش، ھۆكۈمەت تەستىقلىغان مەسچىتلەرنىڭ سىرتىدا ناماز ئوقۇش، «قانۇنسىز» دىنىي ماتېرىياللارنى ساقلاش، چەتئەلگە چىقىش ياكى چەتئەل بىلەن ئالاقە قىلىش، توي مۇراسىمى ياكى جىنازا نامازلىرىدا تەبلىغ قىلىش... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.



دىنىي ئۆلىمالارنى يوقىتىش ياكى خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈش دولقۇنى 2017 - يىلىدا يۇقۇرى پەللىگە چىقتى. بۇ بىر يىلدا نۇرغۇنلىغان ئۆلىمالار تۇتقۇن قىلىنىپ، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سۆلاندى ياكى تۈرمىلەرگە تاشلاندى. تۇتقۇندىن ئامان قالغان ئۆلىمالار بولسا ئاممىنىڭ ئالدىدا ئۇسۇل ئويناشقا ۋە خىتاي كومپارتىيىسىنى ماختايدىغان قىزىل ناخشىلارنى ئېيتىشقا زورلاندى.

خىتاي رېجىمى باشتىن تارتىپ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي كىملىكىنى يوقۇتۇش ۋە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئىسلامدىن خالىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۈچۈن دىنىي ئۆلىمالارنى يوقۇتۇش نىشانى قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۈگۈنكى ۋەزىيەت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدىكىگە تولىمۇ ئوخشايدۇ. بىراق، باستۇرۇشنىڭ كۆلىمى ۋە دائىرىسىدىن قارىغاندا ئۆۋەتتىكى ئەھۋال تولىمۇ قورقۇنۇشلۇق.



چۈنكى خىتاي دائىرىلىرى بۈگۈن يۇقۇرى پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ، جىنايەتلەرنى «ئالدىن پەرەز قىلالايدۇ»، ھەتتا ئەڭ خىلۋەت قورغان ھېسابلانغان ئائىلىلەرگىچە سىڭىپ كىرەلەيدۇ. قىسقىسى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى نۆۋەتتە ئەڭ زۇلمەتلىك بىر دەۋرنى باشتىن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

## 3.3: قۇرئاننى كۆيدۈرۈش



ئىسلام دىنىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدىن تەلتۆكۈس سۈپۈرۈپ تاشلىماقچى بولغان خىتاي كوممۇنىستلىرى 2017- يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىغا ئائىت ھەر قانداق كىتاب- ژۇرناللار ۋە بۇيۇملارنى ئىشلىتىشنى چەكلىدى. ھەتتا بۇ خىل كىتاب - ژۇرنال ۋە بۇيۇملار يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈلدى؛ بۇ بۇيۇملارنى ساقلىغانلار جازا لاگېرلىرىغا سولاندى. بۈگۈن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۆز دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى – «قۇرئان كەرىم»نى ئۆيلىرىدە ساقلاش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم ھالدا ياشىماقتا.




خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە قۇرئان كەرىم ۋە باشقا دىنىي كىتابلارنى مەجبۇرىي يىغىۋېلىپ كۆيدۈرگەنىدى. شەرقىي تۈركىستاندا بۇ خىل قەبىھ ھەرىكەت ئىزچىل تەكرارلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن 2014 - يىلىدىن كېيىن يۇقۇرى پەللىگە چىقتى. خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش ئېچىپ، پۈتۈن دىنىي ماتېرىياللارنى يىغىۋېلىپ كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. دىنىي ماتېرىياللارنى خىتاي دائىرىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرمىگەن كىشىلەر ساقچىلار تەرىپىدىن




بايقىلىپ قالغاندا ئېغىر جازاغا ئۇچرىدى. بۇنىڭدىن قورققان مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشىگە چىدىماي، ئۆيىدىكى قۇرئانلارنى دەريا، كۆل ۋە ئۆستەڭلەرگە تاشلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

## 3.4: مەسچىتلەرنى يىقىش



شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى بىلەن تەڭ بۇ تۇپراقتىكى مىڭ يىللىق ئىسلام ئەنئەنىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراشقا، ئىسلامىي ئىزلار ئۆچۈرۈلۈشكە باشلىدى. خىتاي دائىرىلىرى دىنىي مەدرىسەلەرنى تاقاش، دىنىي ئۆلىمالارنى يوقۇتۇش بىلەن بىر قاتاردا مەسچىت ۋە جامەلەرنىمۇ چېقىپ تاشلىدى ياكى ئۆزگەرتىپ ئىشلەتتى. بۇ خىل ھەرىكەت 1966- يىلىدىن 1976- يىلىغىچە 10 يىل داۋام قىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئەڭ يۇقۇرى نۇقتىغا چىقتى.



دىنىنى يوقۇتۇشنى نىشان قىلغان بۇ ئىنقىلاب مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستاندا مەسچىت، جامەلەر تامامەن تاقالغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ مەسچىتلەرگە بېرىپ ئىبادەت قىلىشى تەلتۆكۈس چەكلەندى. نۇرغۇنلىغان مەسچىتلەر چېقىلدى ياكى ئاشلىق ئامبىرى، چوشقا قوتانلىرىغا ئايلاندۇرۇلدى.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1956- يىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر دوكلاتىدا 1950- يىللارنىڭ باشلىرىدا، يەنى ئىشغالدىن كېيىنكى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا جەمئىي 29 مىڭ 500 مەسچىت بارلىقى



خاتىرىلەنگەن. ھالبۇكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسچىتلەرنىڭ سانى 1978- يىلىغا كەلگەندە 2930غا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، بۇنىڭدىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەسچىت ۋە جامەلەرنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.




خىتاي رېجىمى گەرچە 1980- يىللاردىن كېيىن كىشىلەرنىڭ مەسچىت، جامەلەرگە بېرىپ ئىبادەت قىلىشىغا چەكلىك دائىرىدە يول قويغان بولسىمۇ، لېكىن، مەسچىتلەرنى باشقۇرۇشنى ئىزچىل چىڭ تۇتۇپ كەلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز يىنىدىن ئىئانە قىلىپ، مەسچىت، جامە سېلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى، «رۇخسەتسىز» سېلىنغان مەسچىتلەرنى بولسا چېقىپ تاشلىدى.




خىتاي رېجىمىنىڭ مەسچىت يىقىش دولقۇنى 2017- يىلىدىن بۇيان يەنە بىر قېتىم يۇقۇرى پەللىگە چىقتى. خىتاي دائىرىلىرى يىقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا «قانۇنسىز دىنىي ئورۇنلارنى تەرتىپكە سېلىش» نامىدا مىڭلىغان مەسچىت ۋە جامەلەرنى يىقىپ تاشلىدى ياكى ساياھەت نوقتىلىرىغا ئۆزگەرتتى. تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا 2017- يىلىدىن باشلاپ 16 مىڭ مەسچىت ۋەيران قىلىنغان ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، بۇلاردىن تەخمىنەن 8500 ى تامامەن تۈزلىۋېتىلگەن. بۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇمۇمىي مەسچىت سانىنىڭ 65%نى ئىگىلەيدۇ. نۆۋەتتە قالدۇرۇلۇپ قويۇلغان مەسچىت ۋە جامەلەر ئاساسەن سىياسىي تەشۋىقات ياكى ساياھەت كىرىمى ئۈچۈن ساقلاپ قېلىنغان بولۇپ، نورمال دىنىي ئىبادەتلەرگە يول قويۇلمايدۇ.

## 3.5: مازارلارنى ۋەيران قىلىش



خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىي كىملىكىنى يوقۇتۇش ۋە تارىخىي ئىزلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن تارىخىي مازارلارنى ۋەيران قىلىشتىنمۇ تەپ تارتقىنى يوق. كوممۇنىست ئىشغالىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندىكى نۇرغۇنلىغان تارىخىي قەبرىستانلىقلار ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ قەبرىلىرى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن قەستەن ۋەيران قىلىندى. بۇ خىل ئەھۋال 2017-يىلىدىن بۇيان تېخىمۇ ئېغىرلاشقان بولۇپ، رايوندىكى 30% مۇھىم مازار ۋە قەبرىستانلىقنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقى ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى مەلۇم.



يەنە بىر ياندىن خىتاي دائىرىلىرى 2017-يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى ئىسلامىي يوسۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنىمۇ مەنئىي قىلدى. شەرقىي تۈركىستاندا مېيىتلارنى يۇيۇدىغان، قەبرە كولايدىغان كىشىلەر «دىنىي ئەسەبىي» دەپ قارىلىپ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا تۇتۇلدى. جاي-جايلارغا جەسەت كۆيدۈرۈش ئورۇنلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، دائىرىلەر مۇسۇلمانلارنى مېيىتلىرىنى خىتايچە كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئىسلامىي ئۇسلۇبتىكى مازار ۋە قەبرىستانلىقلار ۋەيران قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا خىتايچە ئۇسلۇبتىكى قەبرىستانلىقلار قۇرۇلدى. مەقبەرىلەرگە ئەرەبچە خەت يېزىش، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىپ دۇئا قىلىش چەكلەندى.

## 3.6: زىكىر - تەسبىھلەرنى ئۆزگەرتىش




كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغىنى ئاتېئىست كوممۇنىستلارنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاللاھنى مەدھىيەلەپ، پەيغەمبەرگە دۇرۇت - سالام يوللىشىغا چىدىماي، زىكىر - تەسبىھلەرنىمۇ ئۆزگەرتىشكە ئورۇنۇشىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ كومپارتىيىگە ئەمەس، ئاللاھقا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغانلىقى؛ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنى ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيەلەيدىغانلىقى ئاتېئىست كوممۇنىستلارنى ئەسەبىيلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ ئەھۋالنى مۇشۇنداق رادىكال ۋە بىمەنە ئۇسۇل بىلەن ئۆزگەرتمەكچى بولغان.




خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا دىنىي ئۆلىمالارنى قىزىل ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناشقا مەجبۇرلىغاندىن سىرت، يەنە ئىسلام دىنىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى مەسخىرە قىلىدىغان ھەر خىل تەشۋىقاتلارنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ باردى. بولۇپمۇ 2017- يىلىدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ يول-كوچىلىرى ئىسلامغا ھاقارەت قىلىدىغان تەشۋىقات لوزۇنكا، پلاكاتلىرى بىلەن تولدى. ھەتتا مۇسۇلمانلار كۈندىلىك ئىبادەتلىرىدە كۆپ تەكرارلايدىغان زىكرى-تەسبىھلەر كومپارتىيەنى ۋە خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنى




مەدھىيەلەيدىغان شەكىلدە ئۆزگەرتىلىپ، كىشىلەرگە يادلاتقۇزۇلدى. قىسقىسى، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۆز دىنىغا ھاقارەت قىلىشقا، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە، پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشقا؛ بۇنىڭ ئورنىغا كومپارتىيەگە ئىشىنىپ، شى جىنپىڭنى ماختاشقا زورلاندى.

بۇ خىل ئەھۋال يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ۋە تۈرمە، قاماقخانىلاردا تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، گۇندىپايلار مۇسۇلمان مەھبۇسلارنى ھەر ۋاخ تاماقتىن بۇرۇن كومپارتىيەنى ۋە شى جىنپىڭنى ماختاشقا زورلىسا؛ تاماقتىن كېيىن كومپارتىيەگە ۋە شى جىنپىڭغا رەھمەت ئېيتىشقا زورلايدۇ. بۇنى رەت قىلغانلارئاچ قالىدۇ ۋە ئېغىر جازالىنىدۇ. مەھبۇسلار يەنە ئۆز ئېتىقادىغا خىلاپ ھالدا ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلىشقا، ئاللاھنى ۋە پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ؛ شۇنداقلا خىتاي رېجىمىنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى قانۇن-بەلگىلىمىرىنى يادلاشقا ۋە قىزىل ناخشىلارنى ئوقۇشقا زورلىنىدۇ.

### 3.7: ھىجابنى چەكلەش



خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ كىيىنىشىگە قارىتا ئېغىر چەكلىمە قويۇپ كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭ ئىسلامغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. كوممۇنىست ئىشغالىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئىسلامىي كىيىنىشى خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن «قالاقلىق» دەپ قارىلىپ چەكلەندى ۋە مەسخىرە قىلىنىدى. خىتاي دائىرىلىرى «مەدەنىيلەشتۈرۈش»، «گۈزەللەشتۈرۈش»... دېگەندەك ھەر خىل شۇئارلار ئاستىدا مۇسۇلمان ئاياللارنى ھىجابنى سېلىۋېتىشكە، ئۇنىڭ ئورنىغا خىتايچە «زامانىۋى» كىيىنىشكە قىستىدى ۋە تەشۋىق قىلدى.

خىتاي دائىرىلىرى 2013- يىلىدىن باشلاپ ھىجابقا قارىتىلغان ھۇجۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئىسلامچە قىياپەتتە كىيىنىشىنى «دىنىي ئەسەبىيلىك» ۋە «تېررورلۇق»نىڭ ئىپادىسى دەپ بىكىتىپ، ھىجاب بىلەن يوللارغا چىقىشنى، ئاممىۋى سورۇنلارغا بېرىشنى مەنئىي قىلدى.






خىتاي ساقچىلىرى يول - يوللارغا تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، ھىجابلىق ئاياللارنىڭ كىيىملىرىنى قايچا بىلەن كېسىۋەتتى. ھەتتا يۇقىراچە كىيىنگەن ساقچىلار ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ قىز-ئاياللارنىڭ كىيىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، روپاش ئاياللارنىڭ تىزىملىكىنى تۇرغۇزدى. 2017- يىلىغا كەلگەندە، شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ھىجابلىق ئاياللار يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ياكى تۈرمىگە تاشلاندى. «قاراقاش ھۆججىتى» دەپ ئاتالغان ئاشكارىلانغان بىر جەدۋەلدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قاراقاشتىن ئىبارەت بىرلا ناھىيىسىدىن نۇرغۇنلىغان ئاياللارنىڭ ھىجاب سەۋەبلىك يىغىۋېلىش لاگېرىغا تۇتۇلغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇنىڭدىن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا سانسىزلىغان مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھىجابلانغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.




شاھىتلارنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ساقچىلىرى ھىجابلانغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلغان ئاياللارنى قىيپالىڭاچ ھالەتتە سوراق قىلغان ۋە ئۇلارغا باسقۇنچىلىق قىلغان. ئاياللار «يا ئاللاھ...» دەپ توۋلىغاندا، خىتاي ساقچىلىرى «نوچى بولسا، ئاللاھىڭ كېلىپ قۇتقۇزسۇن...» دەپ مەسخىرە قىلىشقان.

نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ يول - كوچىلىرى ھىجابنى سۆكىدىغان، مەسخىرە قىلىدىغان پلاكاتلار، تەشۋىقاتلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇيغۇر قىزلىرى بىر تەرەپتىن تەھدىت، يەنە بىر تەرەپتىن تەشۋىقات ئارقىلىق ئىسلامىي قىياپەتلەردىن يىراقلاشتۇرۇلماقتا ۋە خىتايچە كىيىنىشكە زورلانماقتا.

## 3.8: دىنىي يوسۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش




ئۇيغۇرلار مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئىسلام ئەنئەنىسىگە ئىگە خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ توي - تۆكۈن ۋە نەزىر - چىراغ ئىشلىرىدىن تارتىپ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى سالام - سائەتلىرىگىچە پۈتۈن پائالىيەتلىرى ئىسلامىي تۈس ئالغاندى. خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا بۇ خىل ئىسلامىي ئېلېمېنتلارنى ئۇيغۇرلار ھاياتىدىن چىقىرىپ تاشلاشنى تۈپ نىشان قىلدى. خىتاي دائىرىلىرى 2014-يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا «تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش» نامى ئاستىدا بارلىق دىنىي قائىدە-يوسۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئالايلۇق، ئەقىقە بېرىش، نىكاھ قىلىش، جىنازا نامىزى ئوقۇش، مېيىت ئۈچۈن خەتمە قۇرئان ئوقۇش... دېگەندەك دىنىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈش بىردەك چەكلەندى.



نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا «ئەلھەمدۇلىللاھ، ئىنشائاللاھ، ئاللاھقا ئامانەت...» دېگەندەك ئىسلامىي ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشمۇ چەكلەنگەن. ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئۇچراشقاندا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيىشىشىگىمۇ يول قويۇلمايدۇ. بۇ خىل ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەن كىشىلەر «دىنىي ئەسەبىي» دەپ قارىلىپ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا تۇتۇلدۇ ياكى تۈرمىلەرگە تاشلاندى. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي دائىرىلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت ئۆتكۈزۈشىگىمۇ قاتتىق چەكلىمە قويۇپ، بۇ خىل ئىسلامىي بايراملارنى



پەقەتلا خەلقئارانىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن چەكلىك دائىرىدە تەبرىكلەشكە يول قويماقتا، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلارنى چاغان دېگەندەك خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەشكە مەجبۇرلىماقتا.

### 3.9: ئىسلامنى «خىتايچىلاشتۇرۇش»




خىتاي كوممۇنىستلىرى ئىسلام دىنىنى چەتتىن كىرگەن «تاجاۋۇزچى»دىن دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامنى «سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرۇش» ۋە «خىتايچىلاشتۇرۇش»قا ئالاھىدە كۈچەپ كەلگەندى. خىتايدا مىللەتچىلىكنىڭ ئېشىشى بىلەن ئىسلامغا بولغان بۇ خىل ئۆچمەنلىك يېقىنقى يىللاردا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ 2022- يىلى ئىيۇلدا شەرقىي تۈركىستاندا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندىمۇ «ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرۇش ۋە خىتايچىلاشتۇرۇش كېرەكلىكى...»نى تەكىتلىدى. ئىسلامنى «خىتايچىلاشتۇرۇش» دېگەنلىك ماھىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ئىسلام، خۇسۇسەن ئەرەب ئېلېمېنتلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا خىتاي مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنى دەسسىتىش، يەنى ئىسلامنى نامى بار، جىسمى يوق بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش دېگەنلىكتۇر.

بۇ سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە خىتاي دائىرىلىرى 2014- يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا دىنىي زاتلارنىڭ ساقال-بۇرۇت قويۇشىنى چەكلىدى. يېقىنقى يىللاردا مىڭلىغان مەسچىت - جامەلەرنىڭ قۇببە ۋە مۇنارلىرى چۈۋۈلۈپ، ئۈستىدىكى ئاي - يۇلتۇز بەلگىسى ئېلىۋېتىلدى. كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە «مۇھەممەد، ئائىشە...» دېگەندەك ئەرەبچە ئىسىملارنى قويۇشى مەنئىي قىلىندى. بۇنداق ئىسىملىك كىشىلەر ئىنقىلاپ چىقىلىپ،





ئىسمىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە زورلاندى. ئاشخانىلارنىڭ ۋىۋىسكىلىرىغا ۋە يىمەكلىكلەرنىڭ قاپلىرىغا «ھالال» دەپ يېزىشقا بولمايدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى؛ «ھالال» خېتى بار ۋىۋىسكىلار ئېلىۋېتىلدى. بۇگۈن شەرقىي تۈركىستاندا ئاشخانىلاردا ھاراق ئىچىشكە رۇخسەت قىلىش، دۇكانلاردا ھاراق، تاماكا سېتىش مەجبۇري بولۇپ، بويسۇنمىغانلار «دىنىي ئەسەبىي» ھېسابلىنىپ، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولىنىدۇ ياكى تۈرمىگە تاشلىنىدۇ.



قىسقىسى، ئاتېئىست خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا ئەبەدىي ئىگە بولۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا سولاپ قىيناپ ئۆلتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ كىملىكىدىكى ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولغان ئىسلام دىنىنى سىستېمىلىق ھالدا يۇقۇتىۋاتىدۇ، شۇنداقلا بۇ نىشانغا يېتىشكە توسقۇنلۇق قىلمايدىغان، بەلكى ياردەم قىلىدىغان «خىتايچىلاشقان» بىر ئىسلامنى بەرپا قىلىشقا ئورۇنۇۋاتىدۇ.

## 3.10: ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسلامىي كىملىكىنى يوقىتىش

خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى دائىرىسىدە ئىنسانىيەتكە قارشى ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىدىن بىرى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسلامىي كىملىكىنى يوقۇتۇشتۇر. كوممۇنىست رېجىم ئاتا - ئانىسىنى لاگېرلارغا سولىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ۋە دۆلەت دارىلئېيتاملىرىغا ئەۋەتىدۇ. بۇ ياتاقلىق مەكتەپ ۋە دارىلئېيتاملىرىنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە باشقۇرىلىدۇ. بۇ خىل ئەسلىھەلەردە بالىلار ھەر تۈرلۈك روھىي

ۋە جىسمانىي خورلۇقلارغا ئۇچرايدۇ. قاتتىق نازارەت تۈپەيلىدىن باللار بۇ يەرلەردىن قېچىپ چىقىپ، تارتقان كۈلپەتلىرىنى سىرتقى دۇنياغا ئاڭلىتالمايدۇ.

خىتاي رېجىمى مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنى يېڭى مۇستەملىكىچىلىك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتىكى ئاۋانگارت جەڭچىلەردىن قىلىپ تەربىيلەپ چىقىشنى خالايدۇ. باللارغا يەسلىدىن باشلاپ، «كوممۇنىستىك پارتىيىنى ۋە خىتاينى سۆيۈش» ئۆگىتىلىدۇ. بۇ سىياسەتنىڭ مۇھىم مەقسەتلىرىدىن بىرى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ دىنىي ۋە كۇلتۇرىنى ئۆچ كۆرىدىغان قىلىپ يېتىشتۇرۇشتۇر. باللارغا تامامەن كوممۇنىزم ئىدىيىسى سىڭدۇرىلىدۇ ۋە خىتايغا ئايلاندۇرىلىدۇ. باللارنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسىملىرىمۇ ئالماشتۇرۇۋېتىلىدۇ. كىشىلىك هوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى (HRW) نىڭ مۇشۇ مەسىلىگە ئائىت بىر دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي كومپارتىيىسى شەرقىي تۇركىستاندا ئاتا-ئانىسى تۇتقۇن قىلىنغان بارلىق ئۇيغۇر باللىرىنىڭ بىردەك دۆلەت كونتروللۇقىدىكى دارىلئېتاملارغا يەرلەشتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. گېرمانىيىلىك تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنىزنىڭ قارىشىچە، خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇر باللىرىغا قىلغان مۇئامىلىسى «كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتىلىشى كېرەك».

## 4. ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى

ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆزىنىڭ ئىشغالىيەت هاكىمىيىتى ئۈچۈن تەھدىت دەپ قارىغان خىتاي رېجىمى ئاخىرى تىز پۈكمەس بۇ مىللەتنى تەلتۆكۈس يوقۇتۇۋەتمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئومۇميۈزلۈك تۇغۇت چەكلەشنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇرلارنى كۆپىيىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلدى؛ ئارقىدىن يىغىۋېلىش لاگىرلىرىنى قۇرۇپ مىليونلارچە ئىنسانلارنى قامىدى، پەرزەنتلەرنى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىدى؛ بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتاي زاۋۇتلىرىدا قۇل قىلىپ ئىشلەتتى ۋە ئورگانلىرىنى ئېلىپ ساتتى.

### 4.1: ئۇيغۇر تىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش




خىتاي رېجىمى 1993- يىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇنىڭدىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق رەسمىي ھۆججەتلەر خىتايچە يېزىلىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ھەتتا دوختۇرخانىلاردا كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ خىتايچە بىلىشكە ياكى تەرجىمان ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى.

خىتاي رېجىمى 2002 - يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلىنى ئوقۇتۇش تىلى بولۇشتىن چەكلىدى. نەتىجىدە، ئالىي مەكتەپلەردە «ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر تىبابىتى»... دېگەندەك خىتايچە ئۆتۈش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان بىر قانچە كەسپلەردىن باشقا پۈتۈن دەرسلەر خىتايچە ئۆتۈلىدىغان بولدى.



2017- يىلى 9- ئايغا كەلگەندە بولسا ئۇيغۇر تىلىنىڭ بارلىق باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش تىلى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر تىلى شەرقىي تۈركىستاندا مائارىپ سىستېمىسىدىن تامامەن سىقىپ چىقىرىلدى. ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى پۈتۈنلەي خىتايچە ئوقۇتۇلۇشقا باشلىدى.

بۇنىڭغا ئەگىشىپ شەرقىي تۈركىستاندا چىقىدىغان ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتاب، ژۇرنال قاتارلىق نەشرىيات بۇيۇملىرىنىڭ سانى يوقىلىشقا قاراپ ماڭدى، قىپ قالغانلىرىنىڭ مەزمۇنىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، تارىخ، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتقا ئائىت مەزمۇنلار خىتاينىڭ تەشۋىقات ئوبيېكتىغا ئايلاندى. «خەتەرلىك» دەپ قارالغان مەزمۇنلار يوقۇتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى كوممۇنىستىك تۈس ئالغان قىزىل تەشۋىقاتلار قاپلىدى. قىسقىسى، ئۇيغۇر تىلى مەتبۇئات ساھەسىدە پەقەتلا قىزىل تەشۋىقاتنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ساقلىنىپ قالدى.



بولۇپمۇ، 2017 - يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا نەشرىياتچىلىق ساھەسىگە قارىتىلغان تەقىب مىسلىسىز كۈچىيىپ ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تارىخ، مەدەنىيەت ۋە باشقا ساھەلەرگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى ئىراقلا كېمىيىپ كەتتى، ھەتتا پۈتۈنلەي توختىدى. ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ھەر تۈرلۈك كىتابلار، ئەسەرلەرگە قارىتا قايتىدىن تەكشۈرۈش، يىغىۋېلىش ۋە چەكلەش ئېلىپ بېرىلدى. نۇرغۇنلىغان كىتاب ۋە باشقا ماتېرىياللار كۆيدۈرۈلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرئان ۋە باشقا دىنىي كىتابلارمۇ بار. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، كۆپ ساندىكى يازغۇچى، ژۇرنالىست، تەھرىر قاتارلىق مەتبۇئات خادىملىرى لاگېرلارغا ۋە تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

گەرچە خىتاي رېجىمى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تىل - ئەدەبىياتىنى

«قوغداۋاتقانلىقىنى، تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى» ئىزچىل جاكارلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل تەشۋىقاتلار ئۇنىڭ، ئۇيغۇرلارغا قارىتا خىتاي مەدەنىيىتىنى سىڭدۈرۈش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشتە قوللىنىدىغان



ۋاستىسى بولۇپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى خىتاي تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن «يات تىل ۋە مەدەنىيەت» دەپ قارىلىپ، خالىغانچە دەپسەندە قىلىنماقتا.

## 4.2: تۇغۇت چەكلەش

خىتاي قوش سىستېمىلىق ئىستراتېگىيە قوللىنىپ تۇغۇت يېشىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارىتا مەجبۇرىي تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بالا يۈزى كۆرەلەيدىغان ئۇيغۇر ئەرلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەپ،




بىئولوگىيىلىك يوقىتىش نىيىتى بارلىقىنى كۆرسەتتى. «پىلانلىق تۇغۇت ۋە تۇغماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»، «كۆپىيىش سەۋىيەسىنى تۆۋەنلىتىش» ۋە «بىرمۇ يوچۇق قويماسلىق»... قاتارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ستاتىستىكا ۋە بۇيرۇق كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى رەسمىي ھالدا تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويماقتا ۋە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنى نىشان قىلىپ، ئۇلارغا قارىتا كەڭ كۆلەمدە مەجبۇرىي ھالدا تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلىش، بالا چۈشۈرۈش ۋە ئۇزۇك سېلىشنى ئېلىپ بارماقتا.

ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا سىستېمىلىق ھالدا



تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكەتلىرى كەڭ كۆلەملىك كۈچەيتىلدى ۋە يۈرگۈزۈلدى. لاگېرلاردا، بىرتەرەپتىن ئۇيغۇر ئاياللىرىغا مەجبۇرىي ھالدا ئۇزۇك سېلىش، بالا چۈشۈرۈش ۋە ھەيزىنى توختىتىدىغان ئوكۇل ۋە دورىلارنى ئىشلىتىش ۋاستىلىرى قوللىنىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بالا يۈزى كۆرەلەيدىغان ئۇيغۇر ئەرلىرى نىشانغا ئېلىنىپ ۋە تۇتقۇن قىلىنىپ، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى تىزگىنلەندى. بۇ چەمبەرچاس باغلانغان سىياسەتلەر تۈپەيلى، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى نۆلگە يېقىنلاشماقتا.




خىتاي مىقياسىدا 2016-يىلىدىن باشلاپ تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى بوشىتىلىپ، خىتايلارنىڭ كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشىغا يول قويۇلغان، ھەتتا رىغبەتلەندۈرۈلگەن بولسا، بۇ سىياسەت 2017 ـ 2018-يىللىرى شەرقىي تۈركىستاندا كۈچەپ يولغا قويۇلۇپ، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى شىددەت بىلەن كۆپەيدى. بولۇپمۇ تۇغۇت چەكلەش ھەرىكىتى 2018 ـ يىلىدا يۇقۇرى پەللىگە چىقتى. قاتتىق تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى سەۋەبىدىن بەزى رايونلاردا كۆپىيىش نىسبىتى 0%كە چۈشتى.

2018 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاياللارغا تۇغۇت چەكلەش ئۇزۇكى سېلىش نىسبىتى 80%كە چىققان بولۇپ، بۇ خىتايدىكى ئوتتۇرىچە نىسبەت بولغان 1,8%كە قارىغاندا ئىنتايىن يۇقۇرى. 2015 ـ يىلىدىن 2018 ـ يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشى بېشىغا سېلىنغان ئۇزۇك سانى خىتايدىكى ئوتتۇرىچە نىسبەتتىن 7، 8 ھەسسە يۇقۇرى بولغان.

خىتاي دائىرىلىرى 2019 ـ يىلىدا شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇت

چەكلەش ئۈچۈن 16 مىلىيون دوللاردىن كۆپرەك خامچوت ئاجراتقان بولۇپ، بۇ پۇللارنى ھامىلدارلىقنى تەكشۈرۈش، ئۈزۈك سېلىش، بالا چۈشۈرۈش ۋە تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلىش...




قاتارلىق تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرى ئۈچۈن ئىشلەتكەن. بۇنىڭدىن سىرت يەنە خىتاي رېجىمى 2019- ۋە 2020 - ئىككى يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇكاپاتى ئۈچۈن 200 مىلىيون دوللاردىن ئارتۇق خامچوت ئايرىغان.

2019 - يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى 80% تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارغا ھالقا سېلىش ياكى تۇغماسلىق ئوپېراتسىيىسى قىلىش پىلانلانغان. نەتىجىدە، 2017 - يىلىدىن 2018 - يىلىغىچە بولغان بىر يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغماس ياكى تۇل ئاياللارنىڭ نىسبىتى 124% كۆپەيگەن. 2019 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاش رايونلاردا تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ 97% ى ھامىلدار بولالمىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 84% ئازىيىپ، 2018 - يىلىدا ئۆتكەن بىر يىلغا قارىغاندا 120 مىڭ بوۋاق ئاز تۇغۇلغان.

كەڭ كۆلەملىك تۈتقۇن قىلىش ھەرىكىتىمۇ تۇغۇت چەكلەشنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، 18 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان تۇغۇت يېشىدىكى كىشىلەر تۇتۇش ئوبيېكتى قىلىنغان. لاگىرلارغا سولانغان ئاياللارغا تۇغماسلىق، يەنى ھەيز چەكلەش ئوكۇلى ئۇرۇلغان. بۇنىڭدىن خىتاي رېجىمىنىڭ لاگىر سىياسىتىنىڭ كەينىدىكى قارا نىيەتىنىڭ تۇغۇت چەكلەش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قىسقىسى، خىتاي رېجىمى بىر تەرەپتىن تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن تۇغۇت يېشىدىكى ئۇيغۇر ئەر-ئاياللىرىنى لاگىرلارغا سولاش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىشىنى سىستېمىلىق ھالدا چەكلىدى.

## 4.3: يىغىۋېلىش لاگېرلىرى



خىتاي رېجىمى 2014- يىلى شەرقىي تۈركىستاندا «تېررورلۇققا قاتتىق زەربە بېرىش» نامىدا كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇش ھەرىكىتىنى يولغا قويدى. بۇ ھەرىكەت 2017- يىلىدىن باشلاپ بۈگۈنكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا تەرەققىي قىلدى. خىتاي دائىرىلىرى 2017- يىلىدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا مىڭلىغان يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى قۇرۇپ، مىليونلىغان كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىدى ياكى ئۇن - تىنسىز يوقىتىۋەتتى.



خىتاي رېجىمى بۇ لاگېرلارنى «ياتاقلىق مەكتەپ» ياكى «تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ تەشۋىق قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ لاگېرلار تۈرمىلەرگە ئوخشايدىغان بولۇپ، قۇراللىق قىسىم ياكى ئالاھىدە ساقچىلار تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. لاگېرلارنىڭ ئەتراپى سىم تور ۋە كۆزىتىش مۇنارلىرى بىلەن قورشالغان. لاگېرنىڭ ئىچى ۋە سىرتى قۇراللىق ساقچىلارنىڭ كونتروللۇقىدا.



لاگېرلارنىڭ سانى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما 2018- يىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر دوكلاتتا 1200 لاگېرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، بۇ سانىنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان. لاگېرغا تۇتۇلغان كىشىلەرنىڭ سانى ھەققىدىمۇ ئېنىق مەلۇمات يوق. خىتاي دائىرىلىرى بۇ ھەقتە ئېنىق جاۋاب بېرىشنى رەت قىلىپ كەلمەكتە. بىراق، ئىشەنچىلىك مەنبەلەردە تۇتۇلغان كىشى سانىنىڭ ئەڭ ئاز بىر مىليون، كۆپ بولغاندا بەش مىليون ئىكەنلىكى

ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

لاگىرغا تۇتۇلغانلار ئىچىدە ئاز ساندا قازاق، قىرغىز... دېگەندەك شەرقىي تۈركىستاندىكى باشقا مۇسۇلمان ۋە تۈركىي مىللەتلەر بار بولسىمۇ، مەھبۇسلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدۇ. تۇتۇش ئوبيېكتى ئاساسلىقى ياشلار ۋە سەرخىللاردۇر.



لاگىرلارنىڭ ئەھۋالي ئىنتايىن قەبىھ بولۇپ، مەھبۇسلار «كومپارتىيىنى ماختاشقا، شى جىنپىڭنى مەدھىيەلەشكە، قىزىل ناخشىلارنى ئوقۇشقا، هاراق ئىچىش، چوشقا گۆشى يېيىشكە ۋە دىنىني ئىنكار قىلىپ، ئاللاھنى سۆكۈشكە مەجبۇرلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغانلار ئېغىر جازالىنىدۇ. قىيىن-قىستاق ۋە ناچار شارائىت سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سانى كۈنسىرى ئاشماقتا. بۇنىڭدىن سىرت، لاگىردىكىلەرگە يەنە سىرلىق ئوكۇللار ئۇرۇلىدۇ ۋە دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاياللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراش ئەھۋالىمۇ ئىنتايىن ئېغىر.

## 4.4: پەرزەنتلەرنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىش



2017 ـ يىلىدىكى يېڭى سىياسەتكە ئاساسەن، خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا كۈچلۈك نازارەت قىلىنىدىغان پۈتۈن كۈنلۈك ئۇيغۇر بالىلىرى (بوۋاقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تۇرىدىغان ياتاقلىق مەكتەپ ۋە دارىلئېيتاملارنى قۇرۇپ چىقتى. خىتاينىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورگانلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى هەر قايسى ناھىيەلەرگە ئاتا ـ ئانىسى تۇتۇپ كېتىلگەن ۋە ياكى مەجبۇري ئەمگەككە ئېلىپ كېتىلگەن «يېتىملار»نى يىغىۋېلىش ئۈچۈن سان

چۈشۈردى.

2017- يىلىدىن 2019- يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنا ئىككى يىل ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستاندا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلىپ، دۆلەتنىڭ ياتاقلىق ئەسلىھەلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بالىلارنىڭ سانى بىر مىليونغا يېقىنلاشقان بولۇپ، 76% ئاشقان. خىتاي كومپارتىيىسى 2020 - يىلىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى 800 دىن ئارتۇق يېزا - بازاردا بىردىن - ئىككىگىچە ياتاقلىق ئەسلىھە سېلىشنى پىلانلىغان.






دېمەك، تۇتقۇن قىلىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك پروگراممىلىرى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر بالىلىرى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دارىلئېيتامغا ئەۋەتىلىپ، خىتاي تىلى مۇھىتىدا خىتايلاشتۇرۇلۇپ چوڭ قىلىنماقتا.

### 4.5: مەجبۇرىي ئەمگەك



ئىشغالىيەتتىن بۇيان خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى يولغا قويغان بولۇپ، 50- يىللاردىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇر خەلقى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىنمۇ خىتاي دائىلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېزىلىرىدا مەجبۇرىي ھاشارنى يولغا قويغان بولۇپ، ھەر يىلى ئۇيغۇر دېھقانلىرى خىتاي رېجىمى ئۈچۈن ئۆستەڭ قېزىش، پاختا

تېرىش دېگەندەك ئەمگەكلەرنى ھەقسىز قىلىشقا مەجبۇر قىلىناتتى. ھەتتا يېزىلاردىكى مەكتەپلەردە قۇرامىغا يەتمىگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار مەجبۇرىي پاختا تېرىشكە سېلىناتتى. ھەتتا بۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر تىلىدىكى «ھاشار» دېگەن سۆز مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن مەنىداش ئىشلىتىلىدىغان ھالغا كەلگەن ئىدى.



2017 ـ يىلىدىن بۇيان باشلانغان چوڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش بىلەن ماس ھالدا خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىغان بولۇپ، بۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى چوڭ كۆلەمدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك لاگېرلىرىنى ۋە ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» نامىدا يۆتكەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2022 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شېفىلد ھالام ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلان قىلغان «زۇلۇم ئۇستىگە قۇرۇلغان» نامىلىق دوكلاتتا ئاساسلانغاندا، «ھۆكۈمەت ياردىمىگە قاتنىشىشنى رەت قىلىش دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ بىر ئالامىتى دەپ قارىلىدىغانلىقى ۋە لاگېر ياكى تۈرمىگە سولىنىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، رايوندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق ئىشچىلار ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن خىزمەتنى رەت قىلالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مۇتەخەسسىسلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمگەك كۈچى ۋە ئېشىنچا ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەش پروگراممىلىرىنىڭ خەلقئارا قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىي ئەمگەك ئۆلچەملىرىگە چۈشىدىغانلىقى ھەققىدە ئورتاق تونۇشقا ئىگە».



خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا بۇرۇندىنلا مەۋجۇت بولغان مەجبۇرىي ئەمگەك سىستېمىسىنى 2017 ـ يىلىدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈپ، «نامراتلىقنى تۈگىتىش» نامىدا كەڭ كۆلەمدە ئىجرا قىلغان. خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇر



ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى بىر پايدا ئالىدىغان سىستېمىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغان. جازا لاگېرلىرىغا سولانغان كۆپلىگەن كىشىلەر مەجبۇرىي ئەمگەك لاگېرلىرىغا يۆتكەلگەن بولۇپ، تولىمۇ تۆۋەن ھەق بېرىلىپ خىتاي شىركەتلىرى ئۈچۈن قۇللۇقتا تۇتۇپ بېرىلگەن. 2020- يىلىدىكى بىر ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 80،000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلار خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زاۋۇتلارغا يۆتكەلگەن.

مەجبۇرىي ئەمگەككە تۇتۇلغان ئۇيغۇرلار ئىدىئولوگىيىلىك تەربىيىلەشنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئۇلار بۇ زاۋۇتلاردىن ئۆزى خالاپ كېتەلمەيدۇ، ھەر قاچان كۆزىتىش ئاستىدا ئىشلەيدۇ. ئۇلار ھەربىي تۈزۈمدە باشقۇرۇلىدىغان بولۇپ، ئىشلەش سائىتى ئۇزۇن، ئىش ئورنىنىڭ شارائىتى ناچار. بۇ ئۇيغۇرلار ئەسلا دىنى پائالىيەتلىرىنى قىلالمايدۇ.

خىتاي رېجىمىنىڭ 2020- يىلى نويابىردا ئېلان قىلغان بىر دوكلاتىدا ئېيتىلىشىچە، 2،6 مىليوندىن ئارتۇق «ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى» شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» ۋە «ئەمگەك كۈچى»نى يۆتكەش مېخانىزىمى بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

مۇناسىۋەتلىك پاكىتلار:

- دۇنيا كىيىم ـ كېچەك بازىرىدىكى ھەر بەش پاختا كىيىمنىڭ ئىچىدە بىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن بۇلغانغان.

- دۇنيادىكى قۇياش ئېنېرگىيە تاختىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پولى كرېمنىينىڭ 45% شەرقىي تۈركىستاندىن كېلىدۇ.

- خەلقئارادىكى 17دىن ئارتۇق ساھەنىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىقى بولۇپ، بۇلار يېزا ـ ئىگىلىك، ئويۇنچۇق،

ئۈچۈر تېخنىكىسى، مودا، توقۇمىچىلىق، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار، ۋە پاختا قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

- شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاي ئۆلكىلىرىدە 100،000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

- شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ شوخلا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، خىتاينىڭ سىرتقا ئېكسپورت قىلىدىغان شوخلا مەھسۇلاتلىرىنىڭ 70% نى تەمىنلەيدۇ. 2019 - يىلىدىكى بىر ستاتىستىكىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي دۇنيا شوخلا مەھسۇلاتلىرىنىڭ 35%نى تەمىنلەيدۇ.

- شەرقىي تۈركىستان دۇنيادىكى PVC نىڭ 10% نى تەمىنلەيدۇ.

- مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان ئۇيغۇرلار خەلقئارادىكى تونۇلغان ئەڭ ئاز 82 شىركەتنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدە يەر ئالىدۇ. بۇ شىركەتلەر Apple, BMW, GAP, Huawei, Nike, Samsung, Sony, Volkswagen قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.




دېمەك، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان ئۇيغۇرلار كۆپلىگەن داڭلىق ماركىلارنىڭ بىزگە ئەرزان باھالىق مەھسۇلات تەمىنلىيەلىشىنىڭ ئاساسى. ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى بىلەن بۇلغانغان مەھسۇلاتلار بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئۇچراپ تۇرىدىغان بولۇپ، بىز ئىشلىتىدىغان ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار، كىيۋاتقان كىيىملەر، ۋە ھەتتا بىز دەسسەيدىغان ئۆيىمىزنىڭ پوللىرىدىمۇ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئىزنالىرى تېپىلىدۇ. شۇڭلاشقا خىتاي مەھسۇلاتلىرىنى بايقۇت قىلىش

ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك يوللارنىڭ بىرى.

## 4.6: ئورگان ئەتكەسچىلىكى




ئورگان ئەتكەسچىلىكى هايات ياكى ئۆلۈكلەرنىڭ ئورگانلىرىنى ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز هالدا يىغىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەجبۇرىي ئورگان يىغىۋېلىش بولسا بىر ئىنساننى ئۇنىڭ ئورگانلىرىنى باشقا بىر كىشىگە كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىختىيارىسىز ئۆلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى، دۇنيا مېدىتسىنا بىرلىكى، ب د ت ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە مەھبۇسلارنىڭ ئورگانلىرىنى ئىشلىتىش چەكلەنگەن. ئەمما 2000- يىلىدىن بېرى چىقىۋاتقان دوكلارتلارنىڭ كۆرستىشىچە، خىتايدا دۆلەت تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان ۋىجدان مەھبۇسلىرىنىڭ ئورگانلىرىنى ئېلىپ سېتىش سىستېمىسى مەۋجۇت. باشقا دۆلەتلەردە مەۋجۇت بولغان بىمارلار ئورگانغا ئېرىشىش ئۈچۈن نەچچە يىللاپ ساقلىشى كېرەك بولغان ئىختىيارىي شەكىلدە ئورگان ئىئانە قىلىش سىستېمىسىنىڭ دەل ئەكسىچە، خىتايدا مەھبۇسلار ئورگانلىرىنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرىلىدۇ. خىتايدىكى ئورگان ئەتكەسچىلىكى ئۈستىدە هۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئەنگلىيىدە قۇرۇلغان «خىتاي سوتى» نىڭ كۆرسىتىشىچە «2000 ـ يىلىدىن بېرى خىتايغا ئورگان كۆچۈرۈش ئۈچۈن بارىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ پەۋقۇلئاددە كۆپىيىپ كېتىشى ۋە خىتايدىكى ئورگانلارنىڭ كۆپلىكى خىتايدا ۋىجدان مەھبۇسلىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن باشقىمۇ ئورگان تەمىنلەش مەنبەسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.»



«خىتاي سوتى»نىڭ 2018- يىلى ئېلان قىلغان دەسلەپكى ھۆكۈمىدە تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە قىلىنغان:

«سوت كوللېگىيىمىزنىڭ بىردەك قارىشىچە، خىتايدا ئۇزۇن مەزگىلدىن بېرى ۋىجدان مەھبۇسلىرىنىڭ ئورگانلىرىنى مەجبۇرىي يىغىۋېلىشنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە شۇنداقلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى شەك - شۈبھىسىز.»

بۇنىڭدىن باشقا «خىتاي سوتى» خىتايدا ئورگان كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى ئۈچۈن ساقلاش مۇددىتىنىڭ ناھايىتى قىسقا ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇستىدىكى زۇلۇم ۋە يېقىندا باشلانغان تىببىي تەكشۈرۈشلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئورگانلىرىنى يىغىۋېلىشنىڭ پات يېقىندا مەيدانغا چىقىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تىببىي تەكشۈرۈشلەرنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ «ئورگان بانكىسى» بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.



ھازىر ئەنگلىيەدە تۇرۇۋاتقان، ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندا دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللانغان ئەنۋەر توختىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ 1995- يىلى بىر ھايات مەھبۇسنىڭ ئورگىنىنى ئېلىشقا بۇيرۇلغان. ئەنۋەر توختى مۇنداق دەيدۇ: «مەھبۇس 30 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئەر بولۇپ، ئوق ئۇنىڭ ئوڭ كۆكسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. مەن ئۇنى ئۆلۈپ بولدى دەپ ئويلىغان ئىدىم. مەن ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا باشلىغان ۋاقتىمدا، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ تېخىچە سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەمما مېنىڭ باشلىقىم ئوپېراتسىيەنى داۋاملاشتۇرۇشۇمنى ئېيتتى.»

لاگېر شاھىتلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيغۇرلار لاگېرغا سولىنىشتىن بۇرۇن مەجبۇرىي ھالدا قان تەكشۈرۈش، ئۆپكىنى رېنتىگىنغا ئېلىش، ئۇلترا ئاۋازلىق تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تولۇق تىببىي تەكشۈرۈشتىن ئۆتىدىكەن. لاگېردا ئۆلۈپ كەتكەن تۇتقۇنلارنىڭ

جەسەتلىرى ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلمەيدىكەن ۋە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا دەپنە قىلىنىدىكەن.

ئۈرۈمچىدىكى بىر تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا 16 ئاي تۇتقۇن قىلىنغان گۇلباھار جېلىلنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، ئۇ تۇتقۇن قىلىنىشتىن بۇرۇن تولۇق تىببىي تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن. تۈرمىدە بىر چوڭ دوختۇرخانا بولۇپ، تۇتقۇنلار ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم تىببىي تەكشۈرۈش قىلىنغان. كۆپلىگەن ئاياللار كامېرلاردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەندىن كېيىن قايتىپ كەلمىگەن. لاگېر شاھىتلىرىدىن مېھرىگۈل تۇرسۇن، زۇمرەت داۋۇت ۋە ئۆمەر بېكئەلى... قاتارلىقلارمۇ ئوخشاش ئەھۋالنى باشتىن كەچۈرگەن.

خىتايدىكى ئورگان ئەتكەسچىلىكىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە بۇ ھەقتىكى پاكىتلار ئامېرىكا، كانادا، قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى بېكىتىشىدە چوڭ رول ئوينىغان.

## 4.7: ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى




شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى توغرىلىق خەۋەرلەر چىقىشقا باشلىغاندىن كېيىن، خىتاي دائىرىلىرى دەسلەپتە لاگېرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. ئەمما ۋەتەندىكى ئۇرۇق-تۇققانلىرى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە خىتايدىن قۇتۇلۇپ چىقالىغان ئاز ساندىكى لاگېر شاھىتلىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى، شۇنداقلا خەلقئارا مەتبۇئاتلارنىڭ ئاشكارىلىغان پاكىتلىرىدىن كېيىن، خىتاي دائىرىلىرى لاگېرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىشتىن لاگېرلارنى ئاقلاشقا ئۆتتى. خىتاي رېجىمى لاگېرلارنىڭ ئاتالمىش دىنى ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىش ئۈچۈن قۇرۇلغان «كەسپىي تەربىيەلەش»

ئورۇنلىرى ئىكەنلىكىنى جار سېلىشقا باشلىدى.

ئەمما لاگېر شاھىتلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىدا شارائىتنىڭ تولىمۇ ناچار ئىكەنلىكى، تۇتقۇنلارغا توختىماستىن ئىدېئولوگىيىلىك تەربىيە قىلىنىدىغانلىقى، دىنى ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلىنىدىغانلىقى، يېمەك-ئىچمەكنىڭ ناچارلىقى، تۇتقۇنلارنى مۇددەتسىز نامەلۇم ھالدا تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۆلۈم-يېتىمنىڭ كۆپ يۈز بېرىدىغانلىقىدەك ئەھۋاللارنى ئىسپاتلىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ جازا لاگېرلىرىنىڭ تۈرمىلەردىن پەرقسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا 2017-يىلىدىن بېرى ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىشنى يولغا قويغان بولۇپ،كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئاياللىرى بۇ خىل ئوپېراتسىيەلەرنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلانغان، قوبۇل قىلمىغانلىرى تۇتقۇن قىلىنغان ۋە جازا لاگېرلىرىغا سۇلانغان. شۇنداقلا تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىدىكى تۇتقۇنلارنىڭ ئورگانلىرىنى مەجبۇرى ئېلىپ سېتىلىدىغانلىقىمۇ ئاشكارىلانغان.




بۇخىلدىكى ئىسپاتلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا چىقىشى بىلەن خەلقئارادا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا سادالار چىقىشقا باشلىدى. 2021-يىلى يانۋاردا، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو ئۆز مىنىستىرلىكىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇملىرىنى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

2022-يىلى 22-فېۋرالدا كانادا پارلامېنتى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى رەسمىي تونۇدى. ئارقىدىن ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا گوللاندىيە پارلامېنتى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، 2021-يىلى ئاپرېلدا ئەنگلىيە ئاۋام پالاتاسى ۋە مايدا لىتۋا پارلامېنتى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى تونۇدى. 2021-يىلى ئىيۇندا بولسا، چېخ كېڭەش

پالاتاسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى يۈرگۈزۈۋاتقان ۋەھشىيلىكلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دەپ قارار ماقۇللىدى.

2021- يىلى مارتتا 50 دىن ئارتۇق ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە خەلقئارا قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى بىرلىكتە يازغان «ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى» ناملىق دوكلات نيۇلاينىز ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. مەزكۇر دوكلاتتا «خىتاي ھۆكۈمىتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق كېلىشىمىنىڭ ھەر بىر ماددىسىغا خىلاپلىق قىلغان» دەپ خۇلاسە چىقىرىلدى.







2020- يىلى ئەنگلىيەدە قۇرۇلغان مۇستەقىل خەلق سوتى ھېسابلىنىدىغان «ئۇيغۇر سوتى» بىر يىلدىن ئارتۇق سۈرۈلگان شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى يىغىش ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىرىنى ئاڭلاشتىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقاردى:

- خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قىيىن - قىستاققا ئالغانلىقى شەك - شۈبھىسىز.

- خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىي كۆچۈرۈش، تۇتقۇن قىلىش، قىيىن - قىستاق، باسقۇنچىلىق ۋە باشقا جىنسىي زورلاۋانلىق، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش، زىيانكەشلىك قىلىش، مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش، ۋە باشقا قەبىھ ئۇسۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغانلىقى شەك-شۈبھىسىز.

- تۇغۇت چەكلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بارلىق ئېلېمېنتلىرىنىڭ تېپىلىدىغانلىقى ئېنىق.

- سوتىمىز ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلارغا ئاساسەن شۇنىڭغا شەكسىز

ئىشىنىدۇكى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تۇغۇت چەكلەش چارىلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى يوق قىلىشنى مەقسەت قىلغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى سادىر قىلغان.

2022 - يىلى ئىيۇندا، ياۋروپا پارلامېنتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسەتلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئىكەنلىكى ۋە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» خەۋپى بارلىقى توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى.

## سىز نېمە قىلالايسىز؟

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامىي كىملىكىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، مىللىي مۇسەققىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇش ھەر بىر ئىنساننىڭ، خۇسۇسەن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىسلامغا قارشى بۇ ئۇرۇشىدا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇش دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىردىنبىر تاللىشىدۇر. ئىمان بىلەن كۇفرى، ھەق بىلەن باتىل، كىشىلىك ھوقۇق بىلەن مۇستەبىتلىك ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۆرەشتە ئۇيغۇرلارنى قوللاپ، خىتايغا قارشى تۇرۇش ھەم ۋىجدانىي چاقىرىق، ھەم دىنىي ئىبادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كۆرەشتە ھەر كىم تاقىتى يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

ئۇنداقتا سىز نېمە قىلالايسىز؟

- ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىڭىز ئۈچۈن ھەر ۋاقىت دۇئا قىلىپ تۇرۇڭ.

- ئۆز ئائىلىڭىز، دوستلىرىڭىز ۋە جامائىتىڭىزگە شەرقىي تۈركىستاننى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇڭ.

- ئۆز ھۆكۈمىتىڭىز ياكى پارلامېنت ئەزالىرىڭىزدىن ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى ۋە خىتايغا قارشى ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلىڭ.

- دۆلىتىڭىزدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى قوللاڭ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىڭ ۋە ئۆزىڭىزمۇ پائالىيەتلەرنى تەشكىللەڭ.

- خىتاي رېجىمىنىڭ يالغان تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى پاش قىلىڭ ۋە

بايقۇت قىلىش.

- خىتاي بىلەن سودا قىلىشنى توختىتىش، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ - سېتىشتىن ئالاھىدە ھۇشيار بولۇش.

- خىتاينىڭ ماللىرىنى بايقۇت قىلىش.

- ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارغا ئائىت پايدىلىق مەزمۇنلارنى چىقىرىش ياكى تارقىتىش.

- شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن قولىڭىزدىن كېلىشىچە ئىئانە قىلىش.

# پايدىلانغان مەنبەلەر


شەرقىي تۈركىستان تارىخى، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا

شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى، ئابدۇلجېلىل تۇران، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇرلار، تۇرغۇن ئالماس، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشرى

مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئەسەرلىرى، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئابدۇلجېلىل تۇران، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

تركستان قلب آسيا، عبدالعزيز جنكيزخان، الجمعية الخيرية التركستانية

تركستان المسلمة والقضية المنسية، توختي آخون أركين

قضية تركستان الشرقية، عيسى يوسف ألب تكين، ترجمة إسماعيل حقي شن كولر

تركستان الكبرى ماضيها وحاضرها، محمد قاسم أمين

تقرير انتهاكات الصين لحقوق الإنسان ضد المرأة في تركستان الشرقية، ETHR، مارس 2022

- Menace: China’s Colonization of the Islamic World and Uyghur Genocide, Abdulhakim Idris, Center for Uyhgur Studies
- Rian Thum, The Spatial Cleansing of Xinjiang: Mazar Desecration in Context, Made in China Journal, May‗August 2020
- Lily Kuo, Revealed: new evidence of China’s mission to raze the mosques of Xinjiang, the Guardian, 7 May 2018
- Shohret Hoshur, Under the Guise of Public Safety, China Demo‗ lishes Thousands of Mosqu‗ es, RFA, 2016.12.19
- Nathan Ruser , Dr James Leibold , Kelsey Munro & Tilla Hoja, Cultural erasure: Tracing the destruction of Uyghur and Islamic spaces in Xinjiang, Australian Strategic Policy Institute (ASPI), 24 Sep 2020
- The Uyghur Genocide: An Examination of China’s Breaches of the 1948 Genocide, Newli‗ nes Institute for Strategy and Policy, March 2021
- Sintash, Bahram K, “Demolishing Faith: The Destruction and De‗ secration of Uyghur Mosques and Shrines” Uyghur Human Rights Project, October 2019
- Irwin, Peter, “Islam Dispossessed: China’s Persecution of Uyg‗ hur Imams and Religious Figures” Uyghur Human Rights Project,

May 2021

- 5 Temmuz Urumçi Katliamı Raporu: Katliamdan Soykırıma Giden Yol, ETHR Temmuz 2022
- https://www.latimes.com/world/asia/la_fg_china_muslims_20140808_story.html
- https://enduyghurforcedlabour.org/
- https://jww.org/site/uyghur_china_forced_labor_database_
- www.shu.ac.uk/helena_kennedy_centre_international_justice/research_and_projects/all_pro_ jects/built_on_repression
- https://www.aspi.org.au/report/uyghurs_sale
- https://endtransplantabuse.org
- https://chinatribunal.com/
- https://uyghurtribunal.com/

Center for Uyghur Studies
1725 I St NW
SUITE 372
Washington, D.C. 20006

www.uyghurstudy.org
contact@uyghurstudy.org
Twitter: @CUyghurstudy
Facebook: @Cuyghurstudy

**مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 2017- يىلىدىن بۇيان 16000 مەسچىت ۋەيران قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن 8500ى تامامەن چېقىۋېتىلگەن. بۇ سان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمىي مەسچىتلەرنىڭ 65%نى تەشكىل قىلىدۇ.**

***

**خىتاي كوممۇنىستلىرى قۇرئان ۋە باشقا دىنىي كىتابلارنى كۆيدۈرگەن. گەرچە بۇ خىل قەبىھ قىلمىشلار ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشىغا ئەگىشىپ ئەۋجىگە چىققان.**

***

**خىتاي دائىرىلىرى 2014- يىلىدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە دۆلەت كادىرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى كېچە-كۈندۈز نازارەت قىلىش ئارقىلىق، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا دىنىي ساۋاتلارنى ئۆگىتىش پۇرسىتىنى تامامەن يوقاتقان.**